ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# باتۇر قىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئېچىل داستخان !
ئېچىلدى !!!
داستخاندا لىق چۆچەك...



ISBN 978-7-228-10814-5

9 787228 108145 >

定价：4.50元



# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## باتۇر قىز

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

**图书在版编目(CIP)数据**

勇敢的姑娘：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
（维吾尔民间故事）
ISBN 978-7-228-10814-5

Ⅰ.勇... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006093号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**勇敢的姑娘**（维吾尔文）
**（维吾尔民间故事）**
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.5印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10814-5　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## باتۇر قىز

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10814-5
باھاسى: 4.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئاھپەلەك ............................ 1
باتۇر قىز ............................ 20
قانخور شاھنىڭ ھالاكىتى ............................ 30
سېھىرلەنگەن شەھەر ............................ 37
ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى ............................ 74




# ئاھپەلەك

قەدىمكى زاماندا ئەل ئاتىسى تۇرانىس دېگەن بىر پا-
دىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ مەملىكەتنى ئادىللىق بىلەن
سورايدىكەن. ئۇ ھەر جەھەتتىن كامال تاپقان پادىشاھ بول-
غاچقا، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە جەڭ ماھارىتىگە يەت-
تە ئىقلىمدىكى دانىشمەنلەر، پالۋانلار قايىل ئىكەن. ئۇ
قوشنا مەملىكەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئۆكۈزخانىنىڭ ئېلى
بىلەن بەكلا ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتىدىكەن.

بىر قېتىم پادىشاھنىڭ مەملىكىتى دۈشمەنلىنىڭ ھۇ-
جۇمىغا دۇچ كەپتۇ. پادىشاھ تۇرانىس ئۆزى بىۋاستە قو-
شۇن تارتىپ چىقىپ جەڭدە مىسلىسىز قەھرىمانلىق كۆر-
سىتىپتۇ. پادىشاھ تۇرانىسنى يوقاتمىغۇچە مەقسىتىگە يەت-
كىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن دۈشمەنلەر تۇرانىسنىڭ
يېقىنى ئۆكۈزخاننى ئاستىرتىن ئەل قىلىپ، «ئۆز يېغىدا
ئۆز گۆشىنى قورۇش» ھىيلىسىنى قوللانماقچى بوپتۇ.
ئۇلار ئۆكۈزخانىنىڭ ھۇزۇرىغا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار
بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ شۇم نىيىتىنى بايان

قىپتۇ. ئۆكۈزخاننىڭ مال ـ دۇنيا ئالدىدا كۆزى قىزىـ
رىپ، تۇرانىسنىڭ ئېلى بىلەن بولغان قان قېرىنداشلىقىـ
نى ئۇنتۇپ، دۈشمەن بىلەن بىرلىكتە ئەل ئاتىسى تۇراـ
نىسقا قىلتاق قۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۆكۈزخان تۇرانىسنى يالغاندىن مەسلىھەتكە چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. تۇرانىس ئۆز ئىتتىـ
پاقدىشىنىڭ ھىيلىسىنى چۈشەنمەي، ئالماس قىلىچىنى
يېنىغا قىستۇرۇپ، دۇلدۇلىغا مىنىپ، ئۆكۈزخاننىڭ ئورـ
دىسىغا كەپتۇ. ئۆكۈزخان ئۇنى دەبدەبە بىلەن كۈتۈۋاپتۇ ۋە
يالغاندىن دۈشمەننى تارمار قىلىشنىڭ جەڭ تەدبىرىنى ئوتـ
تۇرىغا قويۇپتۇ. تۇرانىس ئۇنىڭ تەدبىرىدىن ناھايىتى خۇـ
شال بوپتۇ، قايتىدىغان چاغدا، ئۆكۈزخان يېلىنىپ تۇرۇپ
شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، جەسۇر تۇرانىس، بىز تۈزگەن بۇ تەدبىر بوـ
يىچە جەڭ قىلساق، يەتتە ئىقلىمدىكى دۈشمەنلىرىمىزنىڭ
ھەممىسىنى يېڭىشكە قادىر بولالايمىز. سېنىڭ كۈچلۈك ۋە
پاراسىتىڭگە تەڭ كەلگۈدەك قۇدرەت ئىگىسى جاھاندا يوق.
قېنى، ئەمدى ئارامخۇدا بەزمە قىلايلى. بۈگۈن كەتمىگىن،
ئۇزۇن يول يۈرۈپ چارچاپ كەتتىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكلا
كەچ بولۇپ كەتتى. يولدا دۈشمەننىڭ قىلتىقى بولۇشى
مۇمكىن، ساڭا ئازار يېتىپ قالسا، مەن ئەلگە جاۋاب
بېرەلمەيمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۇرانىس باتۇرلۇقىغا ئېلىپ:

— دوستۇم ئۆكۈزخان، تۇرانسقا خۇدادىن باشقىسى قەست قىلالمايدۇ. ئېلىم مېنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. دۈشمەنلەر قورغان ئەتراپىدا قاغىدەك ئەگىپ يۈرىدۇ، دەرھال قايتىشىم كېرەك. ئۇچقۇر ئارغىمىقىمنىڭ تاڭ سۈزۈلگۈچە مېنى ئوردىغا ئاپىرالايدىغانلىقىغا ئىشەنگىن، — دەپتۇ. ئۆكۈزخان ساختا كۆيۈنۈپ:

— ناۋادا بىرەر خېيىمخەتەرگە يولۇقساڭ، ئۇلۇغ ئېلىڭنىڭ ئەھلىگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ دۈشمەنلەرگە قايسى كۈچۈم بىلەن قارشى تۇرىمەن؟ قان قېرىنداشلىرىمنى قايسى باتۇرغا تايىنىپ قوغدايمەن؟ چارۋا - ماللىرىمنى قايسى يايلاقتا باقىمەن؟ ئەجەل بىقارار، ئەي تۇرانىس، ئەلنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بولسىمۇ سۆزۈمگە كۆنگىن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

تۇرانىس ئۇنىڭ ھىيلىسىنى چۈشەنمەپتۇ. ئۇ ئۆكۈزخاننى ئۆز بىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە نائىلاج كۆنۈپتۇ. ئۇلار كېچىچە بەزمە قىلىشىپتۇ. ئۆكۈزخان ھەر خىل چارە - ئاماللارنى قوللىنىپ، شاھ تۇرانىسقا مەينى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ئىچكۈزۈۋېتىپتۇ. تۇرانىس ئاخىر مەست بولۇپ قاپتۇ. ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمىگەن بۇ باتۇرغا مەينىڭ كۈچى يېتىپ، ئۇنى غەپلەت قوينىغا تاشلاپتۇ. ئەلياتقۇ بولغاندا، ئۆكۈزخان دۈشمەن بىلەن پۈتۈشكىنى بويىچە تۇرانىسنىڭ قوينىغا ئىككى نازىنىنى كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. تۇرانىس مەستچىلىكتە ئايالالارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەس -

هوشنى يوقىتىپ، ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتىغىچە ئۇخلاپتۇ. ئۇ ئويغىنىپ ئېسىگە كەلسە، يېنىدا يوچۇن سەتەڭلەر ياتـ قۇدەك. تۇرانىس دەرغەزەپ بولۇپ، ياساۋۇللارنى چاقىرىپ ئۆكۇزخاننى سۇرۇشتۇرۇپتۇ. «شاھىمىز جەڭگە چىقىپ كەتـ تى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار. ئارغىماقنى كېلىشنى بۇيـ رۇغانىكەن، ئۇلار: «شاھىمىز مىنىپ چىقىپ كەتتى» دەپتۇ.



غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان تۇرانىس نائىلاج ئۆكۈزخان-
نىڭ ئېتىنى مىنىپ، مەملىكىتىگە قاراپ قويۇندەك چې-
پىپتۇ، كۈن پاتاي دېگەندە ئۆز ئېلىگە يېتىپ بېرىپتۇ.
كۆرۈپتۇكى، ياۋلار ئۆكۈزخاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىر-
لىشىپ، تۇرانىسنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى ئاللىقاچان بې-
سىۋاپتۇ. تۇرانىس شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ-
تۇ - دە، چاچلىرىنى يۇلۇپ نالە قىپتۇ، يۈز - كۆزلىرى-
نى تاتىلاپ قانغا بوياپتۇ، ئالماس قىلىچىنى قىنىدىن سۇ-
غۇرۇپ، دۈشمەن توپىغا ئۆزىنى ئۇرۇپتۇ. مىڭلىغان دۈشمەن-
نىڭ تېنى جېنىدىن جۇدا بوپتۇ، لېكىن تۇرانىس ئۇلارنى
قىرىپ تۈگىتىپ بولالماپتۇ، ئاخىر مىڭ يېرىدىن يارىلى-
نىپ، ئوردىغا چېكىنىپ كىرىۋاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خو-
تۇنى ئېغىر ئاياغ بولۇپ، ئوردا قورۇقچىلىرى ئۇنى جان تىكىپ
قوغداۋاتقانىكەن. شاھ تۇرانىس خوتۇنىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىزنى دۈشمەن يەڭمىدى، قې-
رىندىشىمىزنىڭ ساتقۇنلۇقى يەڭدى. ياۋنىڭ بىزگە كۈچى
يەتمەيتتى، ئاسىي پەيدا قىلغان بوشلۇق تەختىمىزنى
غۇلاتتى. ئەگەر ئامان بولساڭ، پەرزەنت - ۋارىسىمغا ئېيت-
قىن، ئۇ قىساس ئۈچۈن ياشىسۇن. ئالدى بىلەن مۇناپىقنى
يەر يۈزىدىن يوقاتسۇن، — دەپتۇ - دە، «ئاھ پەلەك» دەپلا
جان ئۈزۈپتۇ. دۈشمەنلەر ئوردىنى ئىشغال قىپتۇ. ياۋ جە-
سۇر تۇرانىسنىڭ جەسىتىنى سازايى قىلىپ، ئۆز غەلىبىسى-
دىن تەنتەنە قىلىشىپتۇ، تۇران شاھىنىڭ خوتۇنىنىمۇ چېپىپ

تاشلىماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا ئۆكۈزخان ئارىلىشىپ:

— ئۇنىڭ يەڭگىشىگە يول قويۇڭلار، تۇرانىسنىڭ نەسلىدىن دۇنياغا ئېسىل بىر جان تۆرىلىدۇ. ئۇنى پۇتىدىن پۇت، قولىدىن قول قىلىڭلار، ھەرقانداق تەھدىتكە ئۇچرىمايمىز، — دەپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي خانىش بوشىنىپتۇ، ئۇ ناھايىتى ساغلام بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. تۇرانىسنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا «ئاھ پەلەك» دېگەنلىكىنى ئەسلەپ، ئوغلىغا «ئاھپەلەك» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۆكۈزخان ئۇنى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىپ چوڭ قىپتۇ. دەرۋەقە، ئاھپەلەك دادىسى تۇرانىستىن قېلىشمىغۇدەك پالۋان بولۇپ يېتىشىپتۇ. ئۇ ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە نامى جاھانغا تارقىلىشقا باشلاپتۇ. ئۆكۈزخان ئۇنى ئوردا لەشكەرلىرىنىڭ مەشقاۋۇلى قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ لەشكەرلەرگە جەڭ ماھارىتى ئۆگىتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆكۈزخاننىڭ ھۇزۇرىدىكى تۇرانىسنىڭ ئالماس قىلىچى غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆكۈزخان بۇنى ئاھپەلەك ۋە ئۇنىڭ ئانىسىدىن كۆرۈپ، ئۇلارنى نەزەربەند قىلىپ قويۇپتۇ. ئاھپەلەك بۇ ئالماس قىلىچنىڭ خاسىيىتىنى ۋە بولۇۋاتقان ئىشلارنى چۈشەنمەي، ئانىسىدىن سوراپتۇ. ئانا ئۇنىڭغا تۇرانىسنىڭ ۋەسىيىتىنى يەتكۈزۈپ:

— سېنىڭ ئاتاڭ ئۆكۈزخان ئەمەس، بەلكى ئۆز مەملىكىتىنىڭ مەرھۇم شاھى تۇرانىس. ئۆكۈزخان ئەلىنىڭ ئاسىيسى ۋە ئاتاڭنىڭ قاتىلى. ئالماس قىلىچ ئاتاڭنىڭ

ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ئىدى ، ئۆكۈزخان مىنىۋاتقان ئارغىماق ئاتاڭنىڭ قانىتى ئىدى. سەن جەزمەن ئالماس قىلىچنى تېپىشىڭ ۋە ئارغىماقنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئاتاڭنىڭ ۋە ئەلنىڭ قىساسىنى ئېلىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ. بۇلارنى ئاڭلاپ ئاھپەلەكنىڭ قەلبىدە قىساس يالقۇنى پەيدا بوپتۇ، ئەمما ئۆزى يالغۇز دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ پۇرسەت كۈتۈپتۇ.

ئۇ بىر كۈنى ئانىسىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئى ئانا، مەھكۇملۇقنىڭ ھاقارىتىگە چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئۆكۈزخان مېنى قېرىنداشلىرىمغا قۇش قىلىپ سالماقچى، قېرىنداشلارنىڭ قېنىدا يۈزۈمنى يۇغۇچە ئۆلگىنىم مىڭ ئەلا. بۇ قەپەستىن چىقىپ كېتەيلى. سەرسان بولۇپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمنى يىغىپ، ئەل قىساسىنى ئادا قىلاي.

ئانا ئوغلىنىڭ سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئۇلار تۈن يېرىمىدا ئوردىدىن قېچىپ چىقىپ، كۈنپېتىشقا قاراپ يول يۈرۈپتۇ. يەتتە كۈندىن كېيىن تىلسىم شەھىرىگە يېقىنلىشىپتۇ. ئاھپەلەك ئانىسىنى سىرتتا قالدۇرۇپ، شەھەرنى كۆزەتكىلى بېرىپتۇ. قەلئە دەرۋازىسىدىن كىرسە، ئالتە دېۋە يېنىغا بىردىن شەمشەرنى تىكلەپ قويۇپ ئۇخلاپ ياتقۇدەك. شەھەر ياپيېشىل ئورمانلار بىلەن قاپلانغان، يېشىللىق ئىچىدە ھەر خىل ھايۋانلار ئوتلاپ يۈرگۈدەك. ئۇ بۇنىڭ دېۋىلەرنىڭ ماكانى

ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ، شۇنداقتىمۇ يول ئۈزۈۋىغا بىرەر ـ ئىككى كېيىك ئۆۋلىۋېلىش ئۈچۈن ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. ئىنسان ھىدىنى ئالغان دىۋىلەر بىردىنلا ئويغىنىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇ دىۋىلەر بىلەن كۈن پاتقۇچە ئېلىشىپتۇ. ئاخىر ئاھپەلەك ھەممە دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، جەسەتلىرىنى سۇيى قۇرۇغان بىر قۇدۇققا تاشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، بوران چىقىپ، قۇم ـ شېغىل يېغىشقا، يەر تەۋرەپ، ئالەم ئۇڭ ـ تەتۈر چۆرگىلەشكە باشلاپتۇ. ئاھپەلەك نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئاسماندىن بەھەيۋەت بىر دىۋە چۈشۈپ كەپتۇ ـ دە، ئاھپەلەككە خىتاب قىپتۇ:

— ئەي باتۇر يىگىت، ئەلمىساقتىن بېرى بۇ ماكانغا ئىنسان زاتى ئاياغ بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى، سەن يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ كەپسەن ۋە ئالتە قېرىندىشىمىنىڭ جېنىغا زامىن بوپسەن. مۇشۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن تېنىڭنى مىڭ پارە قىلىۋەتسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ. لېكىن، ئالدى بىلەن نامىشەرىپىڭدىن خەۋەر تاپاي. قايسى پالۋاننىڭ پۇشتىسەن؟ ئېلىڭ نەدە؟

— بۈيۈك ئېلىمنىڭ ئەل ئاتىسى تۇرانىسنىڭ ئوغلى ئاھپەلەكمەن، — دەپتۇ ئاھپەلەك دىۋىلەر باتۇرىغا مەردانە قاراپ.

— ئادەملەرنىڭ ئادىمى تۇرانىسنىڭ قىلىچى قولۇمدا تۇرۇپتۇ. بۇ قىلىچ بىلەن بىر ئەمەس، مىڭ جېنىڭ بول-

سىمۇ يەر چىشلىتەلەيمەن. سەن قانداق بولۇپ تۇرانىسنىڭ پۇشتى بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىۋە. ئاھپەلەك ئۆزىنىڭ راستىنلا تۇرانىسنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ دىۋىنى ئىشەندۇرۇپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي دىۋىلەرنىڭ باتۇرى، بۇ قىلىچنى قەيەردىن ئالدىڭ؟ ئەجەبا ئاتامنىڭ قىلىچى بىلەن مېنى ئۆلتۈرمەك-چىمۇسەن؟

— مەن بۇ قىلىچنى ئۆكۈزخاننىڭ ئوردىسىدىن ئوغرىلىۋالغان، — دەپتۇ دىۋە.

— ئۇ راستىنلا ئاتامنىڭ قىلىچى بولسا، ساڭا تىغ تەگكۈزمەي ئەل بولىمەن. ئالدى بىلەن قىلىچنى كۆرۈپ با-قاي، — دەپتۇ ئاھپەلەك ھىيلە ئىشلىتىپ. دىۋە ئاھپە-لەكنى كىچىك كۆرۈپ قىلىچنى بېرىپ، ئۇنىڭ ئاتىسى تۇرانىس ئۇچۇن كۆز يېشى قىلىشنى كۈتۈپتۇ. ئاھپەلەك قىلىچنى قولىغا ئېلىپ، بىسىدا ئاتىسىنىڭ نامىنى كۆرۈپتۇ - دە:

— بۇ راستىنلا ئاتامنىڭ ئالماس قىلىچى ئىكەن، — دەپتۇ ئاھپەلەك شادلىنىپ، — بىراق بۇنى ئەمدى ساڭا قايتۇرۇپ بېرەلمەيمەن. بۇ مەن ئۇچۇن ئۆمۈرلۈك تەۋەر-رۈك. بۇنىڭ بىلەن ئۆكۈزخاننىڭ جېنىنى ئالىمەن، رەقىب-لىرىمنىڭ قېنىنى تۆكىمەن. ساڭا رەھمەتتىن باشقا سۆزۈم يوق، جان كېرەك بولسا، يولۇڭغا ماڭ.

دىۋىنىڭ غەزەپلىرى تېشىپ، بوراندەك ئېتىلىپتۇ.

ئۇلار ئىككى ئاش پىشىم ئىلىشىپتۇ. ئاھپەلەك ئىغىر يا-رىلانىسمۇ، ئىنسانغا خاس پاراستىگە تايىنىپ دىۋىنى يې-ڭىپتۇ، ئۇنىمۇ ھىلىقى سۇسىز قۇدۇققا تاشلاپتۇ. ئاندىن قەلئەدىن چىقىپ، ئانىسىنى تىلسىم شەھەرگە باشلاپ ئە-كىرىپتۇ ۋە دىۋىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسىغا ئورۇنلاش-تۇرۇپتۇ. ئاھپەلەكنىڭ يارىسى ساقايغۇچە ئۇلار شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاھپەلەك ھەر كۈنى سەھەر ئوۋغا چىقىپ كېتىپ، كې-يىك، جەرەن ئوۋلاپ قايتىپ كېلىدىكەن. كۈنلەر شۇ تەرز-دە ئۆتىۋېرىپتۇ. ئوردا ئەتراپىدىكى ھايۋانلار بارغانسېرى ئازلاپ قاپتۇ. ئاھپەلەك تېخىمۇ يىراققا بېرىپ ئوۋ قىلىش-قا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاھپەلەك بىر چىقىپ كەتسە، بەزىدە ئىككى - ئۈچ كۈندە قايتىپ كېلىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ قالغان ئانا كونا قۇدۇق بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە: «يالغۇزلۇق جې-نىمدىن ئۆتتى. ئەگەر ئېرىم تۇرانىس ھايات بولغىنىدا كۆڭلۈم بۇنچە پەرىشان بولمىغان، ئۆمرۈم بۇنداق مەنىسىز ئۆتمىگەن بولاتتى. بۇ تەنھالىق ئازابىدىن مېنى كىممۇ قۇتقۇزار؟» دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا قۇدۇق ئىچىدىن شۇنداق سادا كەپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ تۇرانىسنىڭ ساھىبجامالى، خۇدانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا بىر ياخشىلىق قىلغىن، ئۇنىڭ بەدىلىگە ھەممە ھاجەتلىرىڭنى راۋا ئەيلەيمەن،

جىمىكى غەملىرىڭنى يوق قىلغايمەن...

ئايال چۆچۈپ قارىسا، دىۋىلەرنىڭ باتۇرى قۇدۇقتا ھالسىراپ ياتقۇدەك. ئايالنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ ۋە دىۋىنى كۆڭلى خالاپتۇ. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز ھەۋىسىنى بىسىش نىيىتىگە كېلىپ:

— سېنى قانداق قىلسام، بۇ يەردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. دىۋە دەپتۇ:

— نىيىتىڭ شۇ بولسا، ئوردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكىن، ئۇ يەردە قىرىق بىر ھۇجرىنى كۆرىسەن. قىرىق بىرىنچى ھۇجرىغا كىرسەڭ، بىر دۇلدۇل بار. ئۇنىڭ بوينى ئالتۇن زەنجىر بىلەن باغلانغان. دۇلدۇلنى ئېلىپ چىقىپ، زەنجىرىنى ماڭا تاشلاپ بەرسەڭ، ئۇ مېنى قۇتۇلدۇرالايدۇ.

ئايال ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. دىۋە ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلۇپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپتۇ. دىۋە ئاھپەلەك ھەر قېتىم ئوۋدىن قايتقاندا يوشۇرۇنۇۋالىدىغان، ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە ئايالنىڭ ھۇجرىسىدا تۈنەيدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي ئايالنىڭ بويىدا قاپتۇ. بۇنى ئاھپەلەك زادىلا سەزمەپتۇ.

ئاھپەلەك ئوۋغا چىقىپ كەتكەن بىر كۈنى ئۇنىڭ ئانىسى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. دىۋە بۇنىڭدىن ھەم چەكسىز سۆيۈنۈپتۇ، ھەم ئاھپەلەكنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ئايالدىن بالىنى قانداق قوغداپ قېلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سوراپتۇ.

— بالىمىزنى يولۋاس تېرىسىگە يۆگەپ، ئوغلۇمنىڭ
ئۆتەر يولىغا قويۇپ كەلگىن، ئاھپەلەك ئۇنى چوقۇم قاي-
تۇرۇپ ئەكېلىدۇ، — دەپتۇ ئايال. دىۋە ئۇنىڭ دېگىنى بو-
يىچە قىپتۇ. دېگەندەك ئاھپەلەك ئۇۋدىن قايتىپ كېلىۋې-
تىپ يول ئۈستىدە ئىڭراپ ياتقان بىر بوۋاقنى ئۇچرى-
تىپتۇ. بۇنى خۇدانىڭ بىرگە قىلغان ئىلتىپاتى، دەپ
چۈشىنىپ قوينىغا سېلىپ ئەكەپتۇ - دە، ئانىسىغا شۇنداق
دەپتۇ:

— ئانا، بۇ نارەسىدىنى تەڭرىمىز سېنىڭ زېرىكىشىڭ-
نى بېسىش ئۈچۈن پەرىشتىلەردىن ئەۋەتىپتۇ. ئۇنى بې-
قىۋالايلى ۋە تەڭرى يولىدا جان پىدا قىلغۇچىغا ئايلان-
دۇرايلى.

ئانا ھەيران بولغان بولۇپ تەڭرىگە ۋە ئوغلىغا مەدھى-
يە ئوقۇغان بوپتۇ، بوۋاقنى باغرىغا بېسىپ سۈت بېرىپتۇ.
ئۇنىڭغا «يەرمىش» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. يەرمىش ناھايىتى
كۈچتۈڭگۈر چوڭ بولۇپ، ئاكىسى ئاھپەلەكتىن ئەقىل -
پاراسەت ۋە ماھارەت ئۆگىنىپتۇ. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە
ئاكىسى بىلەن بىرگە ئوۋغا چىقىپ، كېيىك - جەرەن
ئوۋلىيالايدىغان بوپتۇ. تاكى شۇ چاغقىچە ئانىسى ئۆزىنىڭ
دىۋە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە يەرمىشنىڭ كېلىپ چى-
قىشىنى ئاھپەلەكتىن يوشۇرۇپتۇ. بىر كۈنى ئاھپەلەك ئا-
نىسىغا:

— ئانا، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، يارىلىرىم سەللىمازا سا-

قايدى، ئوزۇق ـ تۈلۈك-
نىمۇ يېتەرلىك جۇغ-
لىۋالدۇق. ئەمدى سە-
پەرگە ئاتلىنايلى. ياقا
يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ
يۈرگەن پالۋانلارنى
توپلاپ، ئۆكلۈزخاننى
جازالاي، ئەلنى دەرد ـ
ئەلەمدىن ئازاد قىلاي، ـــ
دەپتۇ. ئانىسى بۇ گەپنى



دىۋىگە يەتكۈزۈپتۇ. دىۋە ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئايالنىڭ ئاھپە-
لەك بىلەن بىللە كېتىشىگە چىدىماپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن باش
قاتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئانا شۇنداق دەپتۇ:

ـــ بىز بۇ سىرنى مەڭگۇ يوشۇرۇپ قالالمايمىز. ئەڭ
ياخشىسى، سەن بېرىپ ئاھپەلەككە ھەممە ئەھۋالنى ئېيت-
قىن. ئوغلۇمدىن مېنىڭمۇ سەن بىلەن بىرگە تۇرۇپ قې-
لىشىمغا ئىجازەت سورىغىن. ئۇ بىزنىڭ گۇناھىمىزدىن
كەچسە، ئەجەب ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن دىۋە ئاھپەلەكنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ:

ـــ ئەي، باتۇر تۇرانسىنىڭ تەڭداشسىز ئوغلى، مېنى
ئۆلدى دەپ ئويلىغانىدىڭ. بەختىمگە رەھىملىك ئاناڭ جې-
نىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بىز تۇرمۇش قۇردۇق، بالىلىقمۇ
بولدۇق. يەرمىش ئاللانىڭ ساڭا قىلغان شەپقىتى ئەمەس،

بەلكى ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ ئوغلى. ئۇنى سەندىن يوشۇرغان گۇناھىمىزنى كەچۈرگىن ۋە ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ بۇ ما-كاندا ئارامخۇدا ياشىشىمىزغا يول قويغىن. يەرمىش بىزگە ھەمراھ بولسۇن، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاھپەلەكنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چى-قىپ كېتىپتۇ، ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئار كەپتۇ، يەرمىشنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىپ، غۇرۇرى ئازار يەپتۇ. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئاشۇ بەتبەشىرە دېۋىنى باغرىڭنى يېرىپ چىققان ئوغلۇڭدىن ئەلا كۆرگەن بولساڭ قالغىن. سېنى ئاتام تۇرا-نىسىنىڭ روھى جازالىسۇن، — دەپتۇ - دە، ئالماس قىلى-چىنى يېنىغا قىستۇرۇپ تىلسىم شەھرىدىن ئايرىلىپتۇ. يەرمىش ئۇۋدىن قايتىپ كېلىپ بولغان ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ-تۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قاقشاپ، توسۇشلىرىغا قارىماي ئاھ-پەلەكنىڭ ئارقىسىدىن ئات ساپتۇ. ئۇ ئاكىسىغا يېتى-شىۋالغاندىن كېيىن، باغرى خۇن بولۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك ئاكا، مەندە نېمە گۇناھ؟ نېمىشقا مې-نىمۇ تاشلاپ كەتمەكچى بولدۇڭ؟ نېمىشقا ماڭىمۇ نەپرەت كۆزۈڭ بىلەن قارىدىڭ؟ ساڭا ۋاپا قىلمىغان ئانا ماڭا ۋاپا قىلالىتتىمۇ؟ قۇلۇڭ بولاي، ئۆلىگىڭ بولاي، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كەت. ھېچبولمىسا، ئارمىنىڭ يولىدا جان پىدا قىلىشقا يارايمەن.

ئاھپەلەكىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ ـ دە، ئۇنى باغ-رىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە دىۋىلەر ماكانىدىن ئايرىلىپ، يىراق بىر يۇرتقا قاراپ سەپەر قىپ-تۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر مەملىكەتكە يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە تۇرانىسنىڭ ئېلىدىن سەرگەردان بولۇپ چىققان پالۋانلار قوشۇن تۈزۈپ، ئۆكۈزخاننى جازالاشنىڭ تەييارلى-قىنى قىلىۋاتقانىكەن. ئۇلار ئاھپەلەكىنىڭ تۇرانىسنىڭ ئوغ-لى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە باش قىپتۇ.

ئاھپەلەك ئىنىسى يەرمىش بىلەن بىرلىكتە ئۇلارغا جەڭ ماھارىتى ئۆگىتىپتۇ ۋە ئۆكۈزخاننى جازالاشنىڭ تەد-بىرلىرىنى تۈزۈپتۇ. بىر كۈنى ئاھپەلەك پالۋانلارنى يىغىپ:

ــ باشقىلارنىڭ يۇرتى گەرچە بىزنى يەكلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەر بىزگە مەڭگۈلۈك پاناھگاھ بولال-مايدۇ. بىز قىساس ئۈچۈن ئۆكۈزخاننى ئۆلتۈرۈپ، نەسلى-مىزنىڭ شەنىگە چۈشكەن داغنى يۇيمىغۇچە يېگىنىمىز يې-گەن، ئىچكىنىمىز ئىچكەن بولمايدۇ. ئەمدى پۇرسەت يەت-تى، ئاتام تۇرانىسنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ، يۇرتداشلىرىمىزنىڭ كۆز يېشىنى قۇرۇتايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆ-كۈزخاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئاتامنىڭ خاسىيەتلىك ئار-غىمىقىنى قولغا چۈشۈرۈش كېرەك. ئارغىماقنى تارتىۋال-مىساق، مىڭ جېنىمىز بولسىمۇ، ئۆكۈزخاننىڭ قېنىنى تۆكەلمەيمىز، جەڭدە پۇخادىن چىقمايمىز. ئارغىماقنى

ئۆزۈم ئوغرىلاپ كېلەي، ناۋادا يەتتە كۈنگىچە قايتىپ كېـ-
لەلمىسەم، ھۆججۇم قىلىڭلار، ـــ دەپتۇ.

يەرمىش ۋە پالۋانلار ئاھپەلەكنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ توسۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆكۈزخاننىڭ ئوردى-سىنى ئۇنىڭدەك پۇختا بىلىدىغانلار بولمىغاچقا نائىلاج يول قويۇپتۇ. ئاھپەلەك شۇ كۈنى ئەلياتقۇ بىلەن يولغا چىقىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدە ئوردىغا كەپتۇ. ئۇ پەم بىلەن ئار-غىماق بار ئېغىلغا كىرىپتۇ. ئەسلىدە ئۆكۈزخان شۇ كۈنى چۈشىدە ئاھپەلەكنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئەتراپقا قوروقچىلارنى قويۇپ قويغانىكەن، شۇڭا ئاھپەلەك ئەمدىلا ئارغىماقنى يېتىلەپ ئىشىكتىن چىقىشىغا، لەش-كەرلەر ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. ئاھپەلەك ئارماندا ئۆلۈپ كېتىدى-غانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

ـــ ئەي ئاسمان - زېمىننىڭ لەنتىگە قالغان نو-مۇسسىز، قان قېرىنداشلىرىڭنىڭ قىساسىغا بوغۇلغان ئا-سىي، سەن قۇياش نۇرىنى ئۆچۈرەلىسەڭمۇ، قىساس يالقۇ-نىنى ئۆچۈرەلمەيسەن. مېنى ئۆلتۈرەلىسەڭمۇ، ئەلنىڭ ئار-مىنىنى ئۆلتۈرەلمەيسەن. بولغانىغان قېنىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن تۆكۈپ، ئاتامنىڭ ئەتتىنى ئالالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئارماندىمەن، لېكىن ئىنىم يەرمىش بۇ ئۆچنى ئېلىشقا قا-دىر. ئۇ سېنى يەتتە ئىقلىمغىچە سازايى قىلىدۇ، ئادەمزات ئەۋلادى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ساۋاق قالدۇرىدۇ. قېنى، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، ـــ دەپتۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى

ئۆكۈزخاننىڭ يۈرىكىگە سانجىلىپتۇ. ئۇ نومۇسقا چىدىماي ئۇنى ئۈچ كۈنگىچە شەھەر كوچىلىرىدا سازايى قىلىپ، پۇقرالارنى ئۆز غالجىرلىقى بىلەن قورقۇتماقچى بوپتۇ، لېكىن ئاھپەلەك كۆز يېشى قىلماپتۇ، ئاھ ئۇرماپتۇ، باش ئەگمەپتۇ. خالايىق ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا قەلبىدە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ، ئۆكۈزخانغا نەپرەتلىنىپتۇ.

يەتتىنچى كۈنىمۇ ئاھپەلەك قايتىپ كەلمىگەندىن كې-يىن، يەرمىشنىڭ لەشكەرلىرى ئۆكۈزخاننىڭ دۆلىتىگە سەلدەك بېسىپ كىرىپتۇ. ئۇلار غادايغان دەرەختىن تارتىپ ئالايغان ھايۋانغىچە يەر چىشلىتىپ مېڭىپتۇ. خەلق ئۇلارنى قوللاپتۇ. ئۆكۈزخاننىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئەسلىدىنلا پادىشاھ-نىڭ نومۇسسىزلىقىدىن يىرگىنىدىغان بولغاچقا، قانداشلىق مېھرىنى ئەلا بىلىپ يەرمىشكە بويسۇنۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ لەش-كەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ، ئۇلار ئاھپەلەكنى قۇتقۇزۇپتۇ، لېكىن ئۆكۈزخاننى تۇتال-ماپتۇ. ئۇ تۇرانىسىنىڭ دۇلدۇلىغا مىنىپ قاچقانىكەن. يەر-مىش ئاھپەلەك بىلەن يۇرتنى قۇتقۇزۇپتۇ. ئەھلى - يۇرت شادلىققا چۆمۈپتۇ. لېكىن، ئۆكۈزخان قېچىپ كەتكەچكە، ئاھپەلەككە جەڭ غەلىبىسى، ئەلنىڭ تەنتەنىسى تەسەللى بولالماپتۇ. ئاھپەلەك تولا ھەسرەتلىنىپ ئۇيقۇ ۋە غىزادىن قاپتۇ، رەڭگىرويى كۈنسېرى سولىشىپ، كېچە - كۈندۈز قىساس ئىشتىياقىدا جان قىيناپتۇ. ئاكىسىنىڭ ھالى يەر-مىشنى قاتتىق ئويغا ساپتۇ. ئۇ ھەر خىل چارىلەر ئۇستىد-

ده ئىزدىنىپتۇ. ئاخىر ئاتىسى ــ دىۋىلەر باتۇرى يادىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىمەكچى بوپتۇ ۋە ئاھپەلەككە بىلدۈرمەي، تىلسىم شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ ئاتىسى ۋە ئانىسى بىلەن دىدارلىشىپتۇ. دىۋىلەر باتۇرى ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپتۇ. ئانىسى قار ـ يامغۇر يىغلاپ، ئۇنى قۇچاقلاپتۇ. يەرمىش بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپتۇ.

دىۋىلەر باتۇرى ئوغلىنىڭ تەلىپىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئۇزۇن يىل يەرمىشنىڭ دەرد ـ پىراقىدا باغرى خۇن بولغان ئانىمۇ خۇشاللىقتىن ئېرىنى ئۆكۈز ـ خاننى تېزرەك تۇتۇپ كېلىشكە دەۋەت قىپتۇ. دىۋىلەر با ـ تۇرى ئوغلى بىلەن تۇرانىسنىڭ ئېلىدە كۆرۈشۈشكە كېلى ـ شىپ، ئالتۇن زەنجىرلىك دۇلدۇلىنى مىنىپ كۆككە كۆتۈ ـ رۈلۈپتۇ. يەرمىش ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپ ـ تۇ. ئۇ ئاكىسى بىلەن ئەمدىلا يۈز كۆرۈشۈپ تۇرۇشىغا، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، ئالەمنى قارا تۇمان بېسىپتۇ، ئاسماندىن قۇم ـ شېغىل تۆكۈلۈپتۇ. ئاھپەلەك بىلەن يەرمىش نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، دىۋىلەر باتۇرى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىر بولۇپ:

ــ ئەلنىڭ دۈشمىنى ئۆكۈزخان سىلەرنىڭ جازايىڭلار ـ نى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ــ دەپتۇ. ئاھپەلەك بىلەن يەرمىش ئىشىكتىن يا ئوقىدەك ئېتىلىپ چىقىپ قارىسا، ئۆكۈزخان زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇر ـ

غودەك. ئاھپەلەك دېڭىگە بولغان كونا ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ، قىساس لەززىتىدىن مەست بولۇپ، ئۇنىڭغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ يەرمىشكە پۇتكۈل شەھەر ئەھلىنى يىغىشنى بۇيرۇپتۇ، ئۆزى ئۆكۈزخانىنى ئوردا ئالدىغا سۆرەپ چىقىپتۇ. ھايال ئۆتمەي پۈتۈن ئەل ئوردا ئالدىغا جەم بوپتۇ. يەرمىش ئاكىسىدىن ئۆكۈزخانىنى قانداق جازالىغاندا پۇخادىن چىقىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئاھپەلەك خەلقنىڭ رايىغا بېقىشنى بۇيرۇپتۇ.

بەزىلەر، ئالدى بىلەن ئاھپەلەكنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تىلىنى كېسىپ تاشلاش كېرەك، دەپتۇ. بەزىلەر، ئۇنىڭ جاجىسىنى بۆرىلەر بەرسۇن، دەپتۇ. يەنە بەزىلەر، ھەممە ئادەم بىردىن تۈكۈرۈپ، ئۇنى تۈكۈرۈك ئىچىدە تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش كېرەك، دەپتۇ. بەزىلەر بولسا، ئۇنىڭ تېنىنى بىر بۇردا ـ بىر بۇردىدىن كېسىپ، ئىتقا تاشلاپ بەرسەك، ئىت ـ مۈشۈكلىرىمىزمۇ ئاسىيلىق قىلمايدىغان بولىدۇ، دەپتۇ. شۇ چاغدا ئاھپەلەك ئاتىسى تۇرانىسنىڭ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ئۆكۈزخانىنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈرۈپ، ئۇنىڭ تىلىنى كېسىۋاپتۇ ـ دە، ئىتقا تاشلاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر ئادەم ئۇنىڭ بىر چىشلەمدىن گۆشىنى شىلىۋېلىپ، ئىتلىرىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. ئاھپەلەك ئۆز ئارمىنىغا يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خالايىق بىر ـ بىرىگە ئاسىيلىق قىلمايدىغان بوپتۇ.

# باتۇر قىز

بۇرۇنقى زاماندا قول ـ ئىلكىدە يېتىپ ئاشقۇدەك دۇنياسى بار بىر بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالتە ئوغ-لى، بىر قىزى بار ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەنجى ئوغلى تىجارەت قىلىش ئۇ-چۈن سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئايلار ئۆتۇپتۇ، يىللار ئۆتۇپتۇ، قايتىپ كەلمەپتۇ. ئاتىسى ئۇنىڭ دەردىدە كۆيۈپ ـ پىشىپ يىغلاپ، ئاخىر ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. بوۋاينىڭ كۆزىنى داۋالىغىلى كەلگەن تېۋىپ:

— يىراق رىم شەھىرىدە بۇنىڭ دورىسى بار، شۇ دو-رىدىن ئەكېلىپ كۆزىڭىزگە سۈرتسە كۆزىڭىز روشەنلىشى-دۇ، — دەپتۇ. بوۋاي ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ:

— بالىلىرىم، كىم ماڭا مېھرىبان بولسا، رىم شەھى-رىدىن كۆز دورىسىنى ئەكېلىدۇ. قېنى ئېيتىڭلار، يول راسخوتى ئۈچۈن نېمە تەلەپ قىلساڭلار شۇنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي دادا، «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتىكەن،

پۇللا بولسا دورىنى ئەكېلىمىز، ــ دېيىشىپتۇ ئوغۇللار.
بۇۋاي ئۇلارغا يېتىپ ئاشقۇدەك ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.
بەش ئوغۇل رىم شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۈ- رۈپ، پۇل - پۇچەكلىرىنى بۇزۇپ - چېچىپتۇ، ئاخىر بىر پۇلسىز ئۆيىگە قايتىشىپتۇ.
ئاكىلىرىنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قىز دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:
ــ جېنىم دادا، رىم شەھىرىگە ئۆزۈم باراي، ئاقىۋول تىلەپ دۇئا قىلىڭ ! ــ دەپتۇ. بۇۋاي قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:
ــ قىزىم، شۇ دورىنى ئەكېلىپ كۆزۈمنى ئاچساڭ، سەندىن مىڭ مەرتە رازى ئىدىم ! ــ دەپتۇ.
قىز قىرىق قېچىرغا يول لازىمەتلىكلىرىنى ئارتىپ، ئۆزى يورغا ئاتقا مىنىپ رىم شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. دادىسى شۇ يۇرتتىكى نامرات ئائىلىلەردىن ئون قىزنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى رازى قىلىپ، قىزىغا قوشۇپ قويۇپتۇ.
ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر مەنزىلدە توختاپتۇ. قىز ھەمراھلىرىغا:
ــ دوستلىرىم، سىلەرنى ئاتام قوشۇپ قويغان بولسى- مۇ، مەن ھەممىڭلارنى ئازاد قىلدىم، ئاتا - ئاناڭلارنىڭ

ئالدىغا قايتىپ بېرىپ ئەركىن ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈڭلار، — دەپتۇ.

قىز ھەمراھلىرىغا نۇرغۇن مال - مۈلۈك ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ - دە، ئۆزى يالغۇز كېتىۋېرىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدىن بەھەيۋەت بىر ئەجدىھا چىقىپ كەپتۇ - دە، قىزنىڭ ھەممە قېچىرلىرىنى بىر - بىرلەپ دەم تارتىپتۇ، لېكىن قىز پەرۋا قىلماي كېتىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئەجدىھا قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— ئەي ئادەمزات، ھەممە قېچىرلىرىڭنى يېدىم، قاراپمۇ قويمىدىڭ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

قىز پىسەنت قىلماي:

— سەن ئاچ ئىكەنسەن، رەھىم قىلدىم، ئۇنداق بولمىغاندا سەن بىلەن ئېلىشاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادام ئەما بولۇپ قالغان. رىم پادىشاھىنىڭ خەزىنىسىدە بىر دورا بار ئىكەن، شۇنى ئەكېلىپ، دادامنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا ئالدىراۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي ياخشى ئاتىنىڭ ياخشى بالىسى، ئۇنداق بولسا ئۈستۈمگە مىن! — دەپتۇ ئەجدىھا، — ياخشى نىيەت بىلەن يولغا چىققانلىقىڭ ئۈچۈن رىم شەھىرىگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن.

قىز ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ ۋە بىردەمدىلا رىم شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەجدىھا قىزغا:

— هازىر قاراۋۇللار ئۇخلاۋاتىدۇ، خەزىنىگە قورقماستىن كىرىۋەرگىن. خەزىنىنىڭ دورىخانىسىدا قۇتىدىمۇ، قەغەزدىمۇ دورا بار. قۇتىدىكى دورىنى ئالساڭ، قەغەزدىكى دورىغا قول تەگكۈزمە، قەغەزدىكىنى ئالساڭ، قۇتىدىكى دورىغا قول تەگكۈزمە ! — دەپتۇ.

قىز ئەجدىھانىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ خەزىنىگە كىرىپتۇ، خەزىنىدىن دورىخانىغا ئۆتۈپتۇ. قۇتىدىكى ۋە قەغەزدىكى دورىلار بىر - بىرىدىن خۇش پۇراق ئىكەن، قىز قايسىسىنى ئېلىشنى بىلەلمەي، تەۋەككۈل قىلىپ ئىككىلا دورىنى قولىغا ئاپتۇ.

بىردىنلا ئاجايىپ - غارايىپ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، قىز بەند بولۇپ قاپتۇ. قاراۋۇللار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، شاھ ئوردىسىغا ئەكىرىپتۇ.

— نېمىشقا خەزىنىگە ئوغرىلىققا چۈشتۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.

— دادام كۆرمەس بولۇپ قېلىۋىدى، دورىغا كەلگەنىدىم. ئىجازىتىڭىزنى ئالمايلا كىرىپ قاپتىمەن، كەچۈرۈڭ ! — دەپتۇ قىز.

— مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتىسەن. مەيلى، ساڭا ئىشىنەي، لېكىن ماڭا ئەنەدىرخانىنىڭ قىزىنى ئەكېلىپ بەرسەڭ دورىنى بېرىمەن ۋە سېنىمۇ ئازاد قىلىمەن، بولمىسا، بېشىڭنى توڭ سويمىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن ! — دەپتۇ پادىشاھ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ قىز تەزىم قىلىپ، — قىرىق كۈن مۆھلەت بېرىڭ.

قىز قىرىق كۈن مۆھلەت بىلەن ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئەي ئادەمزات، نېمە قىلىپ قويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەجدىھا. قىز:

— ھەر ئىككىلا دورىنى ئالىمەن، دەپ قولغا چۈشۈپ قالدىم، قۇتىلار تىلسىم قىلىنغانىكەن، — دەپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ شەرتىنى ئېيتىپتۇ.

— بولغۇلۇق بوپتۇ، يۈر، كەتتۇق، — دەپتۇ ئەجدىھا ۋە قىزنى ئەنەدىرخاننىڭ شەھىرىگە بىرپەستىلا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئەجدىھا قىزغا:

— خان قىزى بىر ئۇخلىغاندا قىرىق كۈن ئۇخلايدۇ. ئۇ ئوتتۇز توققۇز كۈندىن بۇيان ئۇيقۇدا، ئەتە تاڭ ئاتسا ئويغىنىدۇ. قىزنىڭ ئالدىغا كىرگىنىڭدە، ئۆزىگە تەگسەڭ، رومىلىغا تەگمە، رومىلىغا تەگسەڭ، ئۆزىگە تەگمە. قىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشتە ئىككى ئۆي بار، ئۆيلەرگە لىقمۇلىق پاختا بېسىلغان، قويۇن ۋە يانچۇقلىرىڭغا پاختىنى تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرگىن. پەلەمپەينىڭ ئىككى يېنىغا قوڭغۇراقلار ئېسىلغان، قوڭغۇراقلارنىڭ ئىچىگە پاختا تىقمۇەت، جىرىڭلىمايدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

قىز يانچۇقلىرىغا پاختا تولدۇرۇپ، قوڭغۇراقلارغا پاخ-

تا تىقىپتۇ ـ دە، مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ. مەلىكە تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىكەن، قىرىق كېنىزەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇنى قوغداپ ياتقانىكەن. مەلىكىنىڭ بېشىدا چوڭ رومال بولۇپ، رومال مەلىكىدىن چىرايلىق، مەلىكە رومالدىن چىرايلىق ئىكەن. قىز مەلىكىنىمۇ، رومالنىمۇ بىرلىكتە كۆتۈرۈپتۇ، دەل شۇ چاغدا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەش سادالىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ئەتراپ تەۋرەپ كېتىپتۇ، ئىشىكلەر يېپىلىپ، قىز بەند بولۇپ قېلىپ تۇتۇلۇپتۇ. بۇ يەرمۇ تىلسىم قىلىنغانىكەن. قوللىرى قايرىلىپ باغلانغان قىز خان ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. غەزەپلەنگەن خان:

— نېمە سەۋەبتىن قىزىمنى ئوغرىلىماقچى بولدۇڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئاتام كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى، دورا ئىزدەپ رىم شەھىرىگە بېرىپ قولغا چۈشۈپ قالدىم. رىم پادىشاھى: «ئەنەدىرخاننىڭ مەلىكىسىنى ئەكېلىپ بەرسەڭ دورا بېرىمەن، بولمىسا بېشىڭنى سويىمىنى ئۆزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەنىدىم، — دەپتۇ قىز.

— سۆزۈڭگە قارىسام راستچىل كۆرۈنىسەن. كۈنپېتىش تەرەپتە كۇھىقاپ دېگەن جاي بار، ئۇ يەردە بىر جادۇگەر ياشايدۇ. ئۇنىڭ بىر قارا تۇلپار ئېتى بار، شۇنى ئەكەلسەڭ قىزىمنى بېرىمەن، بولمىسا تىرەڭنى شىلىمەن! — دەپتۇ ئەنەدىرخان.

— بولىدۇ، — دەپتۇ قىز، — تۆت كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭ.

— بارغىن، تۆت كۈنلۈك مۆھلەت بەردىم، — دەپتۇ خان.

قىز ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەجدىھا قىزنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈزدە كۆھقاپقا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە جادۇگەرنىڭ ئاتخانىسىغا يېقىن كەپتۇ.

— جادۇگەر ئۇخلىماقچى، — دەپتۇ ئەجدىھا، — مۇ-شۇ يەردىن لەخمە كولاپ، ئوقۇر تېگىدىن بېشىڭنى چىقار. تۇلپار سېنى كۆرۈپ كىشنەيدۇ. جادۇگەر: «ئادەم پۇرىقى كېلىۋاتىدۇغۇ» دەپ تۆت تەرەپكە يۈگۈرىدۇ، تاپالماي كېلىپ يەنە جايىدا ياتقاندا بېشىڭنى چىقار، تۇلپار تېخىمۇ قاتتىق كىشنەيدۇ. جادۇگەر تۇلپارغا غەزەپلىنىپ: «ھەي نائىنساپ ھايۋان، مېنى ئىككى قېتىم تەشۋىشكە سالدىڭ، يەنە شۇنداق قىلساڭ سېنى يەيمەن!» دەيدۇ - دە، ياتقىلى چىق-قىپ كېتىدۇ. سەن ئەنە شۇ چاغدىلا بېشىڭنى چىقىرىپ: «ئەي زاتى ئۇلۇغ تۇلپار، سۇ ئورنىغا سۈت، يەم ئورنىغا كۆك كىشمىش بېرىپ باقىمەن. بۇ زالىمنىڭ قولىدا ئازاب چېكىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. مەن سېنى ئەكېتەي» دەيسەن. تۇلپار بېشىنى ئېگىپ جىم تۇرىدۇ. ئوقۇرنىڭ يېنىدا ئال-تۇندىن ئىشلەنگەن ئېگەر - جابدۇق بار، تۇلپارنى دەرھال

ئېگەرلە، ئاندىن يېتىلەپ مېنىڭ ئالدىمغا كەل.

قىز ئەجدىھانىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق بېجىرىپ، ئاخىر تۇلپارنى ئەجدىھانىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. ئەجدىھا قىز بىلەن تۇلپارنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ، ئەنەدىرخاننىڭ شەھىرىگە ئەكەپتۇ ۋە قىزغا:

— ئەي قىز، بۇ تۇلپارنى ئۆزۈڭ ئال، مەن بىر دومىلاپلا خۇددى مۇشۇنداق تۇلپارغا ئايلىنىمەن. سەن مېنى خانغا بەر، خان قىزنى ساڭا بېرىدۇ. مەلىكىنى ئېلىپ كېتىۋەرگىن، مەن ئارقاڭدىن بارىمەن، — دەپتۇ ئەجدىھا.

قىز ماقۇل بوپتۇ. ئەجدىھا بىر دومىلاپلا تۇلپارغا ئايلىنىپتۇ. قىز ئۇنى خانغا تەقدىم قىپتۇ. خان قىزنى بېرىپتۇ. قىز بىلەن مەلىكە تۇلپارغا مىنىپ رىم شەھىرىگە راۋان بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى خاندىن ئاڭلايلى:

خان ئاتنى ئېگەرلەپ، ئالتۇن ئۈزەڭگىگە سول پۇتىنى قويۇپ، ئوڭ پۇتىنى ئەمدىلا كۆتۈرۈپتىكەن، تۇلپار چىۋىنغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ...

ئەجدىھا ھايال بولماي قىزلارغا يېتىشىۋاپتۇ. ئۇلار



رىم شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەجدىھا بىر دومىلىغانـ.
كەن، ئەنەدىرخانىنىڭ مەلىكىسىدىنمۇ چىرايلىق بىر قىزغا
ئايلىنىپ قاپتۇ.

— مېنى شاھقا تەقدىم قىلىپ، دورىلارنى ئەكېتىۋې.
رىڭلار، — دەپتۇ ئەجدىھا.

قىز ئۇنى رىم شاھىغا بېرىپ، دورىنى ئېلىپ ئۆز
يۇرتىغا راۋان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن شاھ ئەلگە چوڭ توي بېرىپتۇ. توي
تۈگىشى بىلەنلا قىز بىر دومىلاپ كۈمۈتىغا ئايلىنىپ
كۆزدىن غايىب بوپتۇ...

ئەجدىھا قىزلارغا يېتىشىۋېلىپ، ئىككىلا قىزنى ۋە
تۇلپارنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ قىزنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپ.
تۇ. قىز دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، دورىنى دادىسىنىڭ
كۆزىگە سۈرتكەنىكەن، كۆزى ئېچىلىپ، يورۇق دۇنيانى
يېڭىۋاشتىن كۆرۈپتۇ.

— جېنىم قىزىم، كۆزۈمنىڭ نۇرى! — دەپ قىزنىڭ
پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ دادىسى. دەل شۇ چاغدا ئەجدىھا بىر
سىلكىنگەنىكەن، ئۈستىدىكى تېرىلىرى سىيرىلىپ چۈ.
شۈپتۇ ـ دە، چىرايلىق ۋە قاۋۇل بىر يىگىت پەيدا بولۇپ
قاپتۇ. قارىسا، بۇ يىگىت قىزنىڭ ئاكىسى، بوۋاينىڭ كەن.
جى ئوغلى ئىكەن. بوۋاي كەنجى ئوغلىنى كۆرۈپ:

— ئاھ... ئوغلۇم! كۆز نۇرۇم! — دەپ ئۇنى باغرى.
غا بېسىپتۇ. ھەممەيلەن خۇشال ـ خۇرام كۆرۈشۈپتۇ. ئەل.

گە چوڭ توي بېرىلىپتۇ. تويدا ئوغلىدىن:

— قېنى ئوغلۇم، نېمە بولدى؟ سۆزلەپ بەر ! — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

ئوغۇل دەپتۇ:

— مەن ئەنەدىرخاننىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ، خانغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىم. ئۇ مېنى كوھىقاپقا ئەۋەتتى. جادۇگەرنىڭ تۇلپارىنى ئەكېلىمەن دەپ، جادۇگەرنىڭ قولىغا چۈشتۈم. ئۇ مېنى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئاتا - ئانىسىغا مېھىر - مۇھەببىتى چەكسىز بولغان، ئۇلارنى دەپ جېنىنى ئايىمىغان ئوغۇل ياكى قىز مېنى بۇ سېھىردىن قۇتۇلدۇرۇۋالالايتتى. جېنىم دادا، سىزنى دەپ سىڭلىم كۆپ جاپالارنى چەكتى، ۋەدىسىنى ئورۇندىدى، مېنى سېھىردىن خالاس قىلدى.

— بارىكاللا ! — دەپتۇ دادىسى.

يىگىت ئاخىر ئەنەدىرخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ، ھەممەيلەن مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

# قاغخورشاھنىڭ ھالاكىتى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھ
ئۇچىغا چىققان زالىم بولغاچقا، پۇقرالىرىنىڭ كۆزىدىن
ياش ئورنىغا قان - يىرىڭ ئاقىدىكەن. پۇقرالار ھەددىدىن
ئاشقان ئالۋان - سېلىقلارنى تۆلىيەلمىسە، زالىم پادى-
شاھ ھەر خىل قەبىھ جازالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق
ئۇلارنى قاتتىق جازالايدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈ-
شىدە كەچتە ئۆزى سالدۇرغان يوغان چارباغنى ئايلىنىپ
سەيلە قىلىپ يۈرگۈدەكمىش. شۇ ئەسنادا پادىشاھ تىنىق
زەڭگەر ئاسماندىكى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايغا قاراپتۇ-
دەك. تولۇن ئاي پادىشاھنىڭ بىر قاراپ قويۇشى بىلەن تەڭ
ئاستا - ئاستا يەر يۈزىگە چۈشۈشكە باشلاپتۇدەك. پادىشاھ
بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىپ، ئۆز جايىدا تۇرۇپلا قاپتۇمىش.
تولۇن ئاي بىردىنلا سۇرئىتىنى تېزلىتىپ، ئوقتەك ئۇدۇل
پادىشاھنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بو-
لۇپ كېتىپتۇدەك. پادىشاھ بۇ ئىشتىن قورقۇپ كېتىپتۇ -

دە، شۇئان ئويغىنىپتۇ.
ئۇ ئەتىسى قۇرئەنداز ۋە پالچىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. پالچى، قۇرئەندازلار پادىشاھنىڭ چۈشىنى ئاڭلاپ بىر قۇر كىتاب كۆرۈشۈپتۇ ۋە پال ئېچىپ بېقىپتۇ، ئاندىن ھەممىسى باشلىرىنىساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشاھ غەزەپ بىلەن:
— سىلەر نېمىشقا چۈشۈمگە تەبىر بېرىشنى خالىمايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھنىڭ غەزەپلىك سوئالىدىن پالچى، قۇرئەندازلارنىڭ تەنلىرى ياپراقتەك تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇلار غالىلداپ تۇرۇپ:
— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، تەختلىرى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولسۇن. سىلىنىڭ چۈشلىرىگە تەبىر بېرەيلى دېسەك، بەكمۇ بىمەنە تۇيۇلۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. پادىشاھ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چۈشىگە تەبىر بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. پالچى، قۇرئەندازلار پادىشاھنىڭ چۈشىگە مۇنداق تەبىر بېرىشىپتۇ:
— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، تەنلىرى ساغلام، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن. كۆرگەن چۈشلىرىدىن ئايان بولىدىكى، سىلىنىڭ مەملىكەتلىرىدە شۇنداق بىر پالۋان ئوغۇل تۇغۇلىدىكەن، ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەندە سىلىنىڭ باشلىرىنى كېسىپ، تەنلىرىنى ئىككى پارچە قىلىغۇدەك.

شۇڭا، سىلى بۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەپ يۈرۈشلىرى لازىمدۇر.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ:
— جاللات! تىغىڭنى قان بىلەن سۇغار! — دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە پالچى، قۇرئەندازلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ، ئۆزى ھۇجرىسىغا كىرىپ يېتىۋاپتۇ. جاللات پالچى، قۇرئەندازلارنىڭ يىغلاپ - يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، كاللىسىنى ئېلىپ جەھەننەمگە يوللاپتۇ.
پادىشاھ شۇ كۈنىلا ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ئەلدىكى پۈتۈن ئايال زاتىنى قەتلىئام قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال زاتىنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ۋەزىرلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىمۇ بۇ پالاكەتتىن خالىي بولالماپتۇ.
بۇ زالىم پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مەملىكەتنىڭ ئەڭ يىراق چېتىدە بىر ئەر - خوتۇن دېھقان ياشايدىكەن. پادىشاھ قاباھەتلىك چۈش كۆرۈشتىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۇ دېھقاننىڭ ئايالى بىر ئوغۇل تۇغقانىكەن. ئۇلار پادىشاھنىڭ ئايال زاتىنى قەتلىئام قىلىش توغرۇلۇق چۈشۈرگەن پەرمانىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ، ئاخىر دېھقاننىڭ ئايالى بالىسىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلماقچى بوپتۇ. ئايال جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ قاپتۇ. ئايال دەرھال ئۆيگە يېقىن يەردىكى دەرياغا



بالىسىنى تەڭنىگە سې-
لىپ تاشلاپتۇ. تەڭنە
سۇ ئۈستىدە ئاستا -
ئاستا ئېقىپ مېڭىپ-
تۇ. ئايال دەريادىن
يىراقلىشىپ قاچاي،
دەپ تۇرۇشىغا، پادىشاھ
لەشكەرلىرىنىڭ قانلىق
قىلىچى ئۇنىڭ كاللى-
سىنى ئاپتۇ. ئۇنىڭ
ئېرىمۇ بۇ پاجىئەگە بەرداشلىق بېرەلمەي يۈرىكى يېرىلىپ
ئۆلۈپتۇ.
لەشكەرلەر مەملىكەتنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى قوي-
ماي ئاربلاپ ئايال زاتىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تۈگىتىپ-
تۇ، قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەرلەرنىمۇ تىرىك قويماپتۇ. پا-
دىشاھ ئۈچ ياشتىن تۆۋەن ئوغۇللارنىمۇ ئۆلتۈرۈش پەرما-
نىنى چۈشۈرۈپتۇ. بۇ ئىشمۇ تولۇق ئورۇندىلىپ بوپتۇ. پا-
دىشاھ باشقا مەملىكەتلەردىن كەلگەنلەرنى ئۆز جايىغا ھەي-
دىۋېتىپتۇ، قوشنا ئەللەردىن ئۆز مەملىكىتىگە ھەرقانداق
ئادەمنى كىرگۈزمەپتۇ، ئۆزى بولسا ھۇجرىسىدىن ھېچ
يەرگە چىقماي قورقۇنچ ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.
شۇنداق قىلىپ سەككىز يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئا-
ياللارنىڭ يوقلۇقىدىن ئەرلەر بەكمۇ زېرىكىشلىك تۇرمۇش

كەچۈرۈپتۇ. بالىلار ئانىلارنىڭ ئىللىق مېھرىگە قانالماي، قۇرۇغان دەرەختەك تەشنالىق ئىلكىدە زار ـ زار قاقشاپتۇ. پادىشاھ جان قايغۇسى بىلەن قالغاچقا، ھېچقانداق ئىشنى ئويلىماي، ئۆزىنىڭ بالدۇر چۇشۇرگەن پەرمانىنى تېخىمۇ قاتتىق ئىجرا قىلدۇرۇپتۇ.

ئەمدى تەڭنىگە سېلىپ دەرياغا تاشلىۋېتىلگەن بالىغا كېلەيلى:

بالا دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقاندا، بىر چوڭ بېلىق كې-چىك بېلىقلار بىلەن بىللە ئۇنى دەم تارتىپ يۇتۇۋاپتۇ. بۇ چوڭ بېلىق بالىنى قورسىقىدا ئىككى كۈن كۆتۈرۈپ يۈ-رۈپ، ئاخىر قورسىقىنىڭ ئاغرىقىغا چىديالماي قىرغاققا چىقىپ، بالىنى تەڭنە بىلەن بىللىلا قۇسۇپ تاشلاپتۇ ـ دە، ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ دەرياغا چۇشۇپ يىراقلاپ كېتىپتۇ. بۇ يەر قويۇق ئورمان بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان جاي ئىكەن. ئورماندا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەن ئوۋچى قىرغاقتا ياتقان بالىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بالىنى كونا، ئاددىي كەپىسىگە ئەكەپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئوۋچىنىڭمۇ ئايالىنى ياۋۇز پادىشاھ ئۆلتۈرۈۋەتكەچكە، دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، يەككە ـ يېگانە، ھېلىم دىۋانە تۇرمۇش كەچۈرۈپ يۈرگەن، ئۆزى ناھايىتى باتۇر، بەستلىك كەلگەن كىشى ئىكەن. ئوۋچى شۇنداق چىرايلىق بىر ئوغۇل بالىنى تې-پىۋالغانلىقىغا چەكسىز خۇشال بولۇپ، بالىغا پۈتۈن مې-ھىر ـ مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەر-

بىيىلەشكە باشلاپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بالا ھەم ئەقىللىق، ھەم كۈچتۈڭگۈر بولۇپ ئۆسۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ زېرىكىپ قالسا، ئورمانلىقتىكى يىلپىز، شىر، يولۋاسلار بىلەن چېلىشىپ ئوينايدىكەن.

بىر كۈنى بالا ئوۋچىدىن:

— سىز مېنىڭ نېمەم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوۋچى ئويلانماستىنلا:

— داداڭ بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەمىسە، ئاپام كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوۋچى گەپ - سۆز قىلماپتۇ. بالا قايتا - قايتا سوراپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئوۋچى ئۆزىنىڭ ئۇنى دەريا قىرغىقىدىن تېپىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بالا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تېپىش مەقسىتىدە يىراقلارغا سەپەر قىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن يېزا، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ بىرمۇ ئايال زاتىنى ئۇچرىتالماي، كىشىلەردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭ ياۋۇز پادىشاھنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ھەم يەنە: «بالام، سەنمۇ جېنىڭنى ياقىغا ئالغىن، ئەگەر پادىشاھنىڭ ئادەملىرى كۆرۈپ قالسا سېنىمۇ تىرىك قويمايدۇ» دەپتۇ. بالا شۇندىلا بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىگە يېتىپتۇ - دە، ئۇدۇل شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ.

پادىشاھ ھۇجرىسىدا قورقۇنچ ئىچىدە ئولتۇرسا، بىر

ياساۋۇل ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:
— شاھ ئالىيلىرى، چاتاق بولدى. سەككىز ياشلىق بىر ئوغۇل بالا شەھەر سېپىلىنى بۇزۇپ، تىغ ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ ئوردىغا كەلمەكتە، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ پۈتۈن لەشكەرلىرىگە ھېلىقى سەككىز ياشلىق ئوغۇل پالۋاننى يوقىتىش بۇيرۇقى بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ھەممە لەشكەرلىرى، ھەتتا ۋەزىرلىرىمۇ قاتتىق جەڭ قىلىش داۋامىدا سەككىز ياشلىق ئوغۇل پالۋاننىڭ قىلىچى ئاستىدا جان بېرىپتۇ. پەقەت پادىشاھ ئۆزى يالغۇز قاپتۇ. كىچىك پالۋان پادىشاھقا نەپرەت بىلەن:
— ئەي غالجىر ئىت نەسلى، كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، سەن نۇرغۇنلىغان ئانىلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپسەن، بىگۇناھ نارەسىدە بالىلارنى قانلىق قىلىچىڭغا يەم قىپسەن. مەن سەن ئۆلتۈرگەن ئاشۇ بىگۇناھ ئانىلار ئىچىدىكى بىر ئانىنىڭ بالىسى، — دەپ ئۆزىنىڭ ئاڭلىغان - بىلگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ سۆزلىشىگىمۇ يول قويماي، قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاپتۇ. زالىم پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، شۇ يەردىكى خەلق سەككىز ياشلىق بۇ پالۋاننى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز مەملىكىتىنى ئادىللىق بىلەن سوراپ ئۆتۈپتۇ.

# سېھرلەنگەن شەھەر

قەدىمكى زاماندا بىر تاغلىق شەھەر بولغانىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىنى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرغاچقا، ئۇچار قۇشلارمۇ خالىغانچە شەھەرگە ئۇچۇپ كىرەلمەيدىكەن. پەقەت شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىرلا چوڭ دەرۋازا بار ئىكەن، شەھەرگە ئاشۇ دەرۋازا ئارقىلىق كىرىپ - چىققىلى بولىدىكەن. ئۇ شەھەر پادىشاھى ئۆز ئېلىگە ھېرىسمەن، خەلقىگە كۆيۈمچان ئىكەن، شۇڭا يۇرت پاراۋان، خەلق خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. لېكىن، پادىشاھ يۇرتنى ياۋدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن: «شەھەرگە كىرىش بار، چىقىش يوق» دەپ ھۆكۈم قىلىپ، دەرۋازىنى ناھايىتى چىڭ ساقلايدىكەن، ساقلىغاندىمۇ ئادەمگە ئىشەنمەي، بىر قارا دىۋىنى دەرۋازىنى ساقلاشقا قويغانىكەن.

يۇرت پاراۋان، خەلق شادىمان ئۆتكەچكە، خەلق ئۆزىنىڭ ئاشۇ تۇرمۇشىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى پادىشاھنىڭ

ياخشىلىقىدىن دەپ قاراپ، ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، پادى-شاھنىڭ توققۇزىنى تەل قىلغانىكەن. پادىشاھنىڭ قولىنى سۇنسا ئايغا يەتكۈچىلىكى بار ئىكەن. لېكىن، ئۆز تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇدەك بىرەر پەرزەنتى بولمىغاچقا، دائىم پەرزەنت دەردىدە كۆپ ھەسرەت چېكىدىكەن، دائىم پەرزەنت-لىك بولۇشنىڭ ئامالىنى ئويلايدىكەن. ئاخىر كاللىسىغا بىر ئوي كەپتۇ ـ دە، ئۆز ئويىنى ۋەزىرگە ئېيتىش ئۈچۈن ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي ۋەزىر ئەزەم، ئۆزۈڭگە ئايان، مېنىڭ پەرزەن-تىم يوق، مەن بۇ توغرىدا كۆپ باش قاتۇردۇم، ئاخىر ياقا يۇرتتىن ئانىسى تېخى ئەمچەك سالمىغان بىر جۈپ پەرزەنت ئەكېلىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. سەنچە قانداق؟ — دەپ-تۇ. پادىشاھنىڭ سايىسىدە كۈن ئېلىپ، قورساق بېقىپ كېلىۋاتقان ۋەزىر قىلچە ئويلانماي، پادىشاھنىڭ بۇ ئويىنىڭ راستتىنلا دانا ئوي بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇلار ئىك-كىسى مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يېقىن ئادىمى-دىن بەش كىشىنى ئالدىغا چاقىرىپ، بۇ ئىشنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ:

— بۇ ئىش شۇنداق مەخپىي بولسۇنكى، سىلەردىن باشقا ئىنسى جىن بىلمىسۇن. سىلەر ئەكېلىدىغان بالا ئا-نىسىدىن يېڭى تۇغۇلغان، تېخى ئاغزىغا ئەمچەك سېلىنمى-غان، بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولۇشى شەرت. بالىلارنى

تاپقاندىن كېيىن ساق ـ سالامەت ئالدىمغا ئەكەلسەڭلار، سىلەر رازى بولغۇدەك ئىنئام بېرىمەن، ــ دەپتۇ. ئۇلار، پادىشاھقا خىزمەت قىلىش پۇرستى كەلدى دېيىشىپ، ھەممە شەرتلەرگە شەرتسىز ماقۇل بوپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارنى ياخشى ئاتلارغا مىندۇرۇپ يولغا ساپ- تۇ. ئۇلار پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاخىر بىر چوڭ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ، شەھەرنىڭ ئاۋات سارىيىغا ئورۇنلىشىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ، شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى، مەھەللى- لىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. ئارىدىن خېلى ئۆتكەندە، بىر كۈنى ئۇلار ھەشەمەتلىك بىر ھويلىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يەڭگىشكە ئاز كۈنى قالغان بىر ئايالنى كۆ- رۈپتۇ ھەم ئىككىسى شۇ ئايالنىڭ بالىسىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. قالغانلىرى شۇ مەھەللىنى ئارىلاپ، يەنە يەڭگىش ئۈچۈن كۈنلا قالغان بىر ئايالنى ئۇچرىتىپتۇ ھەم ئىككىسى شۇ يەردە قېلىپ، بىرىنى تەي- يارلىقنى پۈتتۈرۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزلىرى پۇر- سەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن شۇ ھويلىلاردىن يىراق كەتمەي تۇرۇپتۇ. ئاخىر ۋاقىت ـ قەرەل توشۇپ، بىرىنچى ھويلىدىكى ئايال ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلار قاراپ تۇرۇپ، كىندىكى كېسىلىپ بالا زاكىلانغاندىن كېيىن، زورلۇق بىلەن ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ:

ــ بالىنى بىزگە بېرىڭلار، باقىمىز، ــ دەپتۇ،

لېكىن ئانا ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىدىن قانداق
كەچسۇن؟ ! ئۇ قىلچىمۇ رازى بولماپتۇ. ئەمما، ئۇلار ئانى
نىڭ داد ـ پەريادى، يىغا ـ زارىغا پەرۋا قىلماي بالىنى
ئېلىپ قېچىپتۇ...

ئىككىنچى هويلىدىكى ئايال قوشكېزەك تۇغۇپتۇ. ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ بىر بالىسىنىمۇ زورلۇق بىلەن تارتىۋې-
لىپ ئېلىپ قېچىپتۇ. بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قان
يىغلاپ قاپتۇ...

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى بالىلارنى قولغا چۈشۈرگەندىن
كېيىن هېچ نەرسىگە قارىماي شامالدەك تېز مېڭىپ، پادى-
شاھقا بالىلارنى ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ با-
لىلارغا قارىغۇدەك بولسا، بۇ بىر جۈپ پەرزەنتنىڭ بىرى
ئوغۇل، بىرى قىز ئىكەن. پادىشاھ بۇنىڭدىن چەكسىز
خۇشال بولۇپ، بالىنى ئەكەلگەنلەرگە خەزىنىنىڭ ئىشىكى-
نى ئېچىپ قويۇپتۇ. شۇ خۇشاللىقىدا بالىلارغا مېھرىنى
يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ۋەزىرلىرىگە دەرھال ياخشى ئىنىكئانا
تېپىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرلەر كېچىكمەي پادىشاھنىڭ كۆڭ-
لىدىكىدەك ئىنىكئانىدىن ئىككىنى تېپىپ كەپتۇ. پادىشاھ
بالىلارنى ئىنىكئانىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ:

— بۇگۈندىن باشلاپ مېنىڭ بىر جۈپ سۆيۈملۈك
پەرزەنتىم بار. لېكىن، كىمكى بالىلارنىڭ سىرىنى ئاشكا-
رىلاپ قويىدىكەن، ئۆز كاللىسىنى يەردە كۆرىدۇ، — دەپ
تاپىلاپتۇ. بۇ سىرنى بىلىدىغانلارنىڭ هەممىسى ئاشكارىلاپ

قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ، پادىشاھ-نىڭ پەرزەنتلىرىنى مۇبارەكلەپتۇ.

ئىنىكئانىلار باللارنى بېقىشقا باشلاپتۇ. باللارمۇ كۈنسېرى ئانىلارنىڭ سۈتى، ئەجرىگە لايىق ساغلام چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھمۇ كۈندە بىر نۆۋەت باللارنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۆز مېھرىنى يەتكۈزۈپ تۇرۇپتۇ، لېكىن بالا مېھرىگە قانماپتۇ. ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپتۇ. باللار ئوقۇش يېشىغا توشقاندا، پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ:

— باللار ئوقۇش يېشىغا توشتى، مەن ئۇلارنى يارام-لىق ئادەم قىلىشنى ئارمان قىلىمەن، سىلەرچە قانداق قى-لىش كېرەك؟ — دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ۋەزىرلەر كۆپ تالاش - تارتىشتىن كېيىن:

— پادىشاھنىڭ پەرزەنتلىرىنى پادىشاھنىڭ كۆڭلىدى-كىدەك ئادەم قىلىش ئۈچۈن ئىلىم - ھېكمەتتە، ھۈنەردە، ئەلەمدە كامالەتكە يەتكەن ئۇستازلارغا تەربىيىلەشكە بېرىش كېرەك، — دېيىشىپتۇ. پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى ئورۇنلۇق تېپىپ:

— ھازىردىن باشلاپ باللارغا مېنىڭ تەلىپىم بويىچە تەلىم بېرەلىگۈدەك ئۇستازلارنى تېپىڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ. ۋەزىرلەر پۈتۈن شەھەرنى ئارىلاپ چىقىپ، پادىشاھ-نىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىككى ئۇستازنى تېپىپ كېلىپ، باللارنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپتۇ.

باللار ئۇستازلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى،

قاتتىق تەلەپ قويۇشى بىلەن ئىلىمدە، ئەلەمدە يېتىلىشكە باشلاپتۇ. بالىلار يېشىنىڭ چوڭىيىشى، ئەقلىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن، پادىشاھنىڭ كۈتكىنىدەك ھېچ نەرسىدىن قورقماس، باتۇر چەۋەنداز بوپتۇ، بىلىمدە كامالەتكە يېتىپ، ئون بەش ياشقا كىرگەندە ئۇستازلىرىنىڭ ئۇلارغا ئۆگەتكۈدەك بىر-نەرسىسى قالماپتۇ. پادىشاھ ئۆز پەرزەنتلىرىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولۇپ، ئۆز ۋەدىسى بويىچە بالىلارنىڭ ئۇستازلىرىغا نۇرغۇن مال - دۇنيا ئىنئام بېرىپ، ئورنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىپتۇ.

بالىلار بالاغەتكە يېتىپ، ئۆز ئىشىنى مۇستەقىل قىلالايدىغان بولغاندا، پادىشاھ ئىنىكئانىلارغا نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىپ ئۆز ئۆيىگە يولغا ساپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يىگىت بىلەن قىز پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا بەھۇزۇر تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. بۇ جەرياندا قىز يىگىتنى ئۆز ئاكام، يىگىت قىزنى ئۆز سىڭلىم دەپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار بىر ئادەمنىڭ بالىلىرىدەك بىر - بىرىگە ناھايىتى ئامراق ئىكەن، بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، خاتىرجەم تاماقمۇ يېمەيدىكەن، ئۇلار ئەنە شۇنداق ئامراقلىق ئىچىدە كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. يىگىت:

— ئەي سىڭلىم، بىز ھازىر چوڭ بولدۇق، بىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئىنىكئانىلىرىمىزنى يوقلاپ كېلەيلى، چۈنكى ئۇلار بىزنى كىچىكىمىزدىن بېقىپ چوڭ قىلدى

ئەمەسمۇ، سىزنىڭچە قانداق؟ — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. قىز بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپتۇ ھەم:

— لېكىن، بىزنىڭ بارغىنىمىزنى ئاتىمىز بىلمەسلىكى كېرەك. بارغاندا قۇرۇق بارماي، بىر نەرسە ئالغاچ بېرىپ دەردىگە يېتەيلى، — دەپ، كەچ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

كەچ كىرىپ، گۇگۇم چۈشۈپ، كۆز باغلانغان پەيتتە ئۇلار ئىككىسى خۇشال ھالدا يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈپ، دەسلەپ ئوغۇلنى باققان مومايىنىڭ كەپىسى ئالدىغا كەپتۇ. موماي ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ، كۆرۈشۈپ ئامان - ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن، موماي ئۇلارنى كەپىگە باشلاپتۇ. ئۇلارمۇ مومايىنىڭ كەينىدىن كەپىگە كىرىپتۇ. موماي ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن تەشەككۈر ئېيتىپتۇ ۋە:

— ئەي باللىرىم، سىلەر مېنىڭ ھايات مېۋىلىرىم بولىسىلەر، مەن شۇنداق ئاددىي بىر ئايال بولسامۇ، مېنى يوقلاپ كەپسىلەر، رەھمەت، — دەپتۇ. لېكىن، موماي شۇ سۆزنى قىلىۋېتىپ، ئېغىر دەردكە مۇپتىلا بولغان ئادەمدەك ئۇھ تارتىپتۇيۇ، يەنە باللارغا قاراپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېپتۇ. موماي داستىخاننى ئۆز ماجالىنىڭ يېتىشىچە تولدۇرۇپتۇ. يىگىت بىلەن قىز داستىخان ئاددىي بولسىمۇ، مول

داستىخاندىن ئەتىۋار بىلىپ كۆڭۈللۈك يېقىشىپتۇ. ئۇلار تاماقلىنىپ بولۇپ، ئۆز سوۋغاتلىرىنى مومايىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئانا، بىز كېتەيلى، سىزنى بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق يوقلاپ تۇرىمىز. كېتىش ئالدىدا بىر سوئال سوراي، جاۋاب بېرىشتىن باش تارتمىسىڭىز، — دەپتۇ يىگىت.

— قېنى، سوراڭ، بالام، جاۋاب بېرىشكە قۇربىم يەتسىلا جاۋاب بېرىمەن، — دەپتۇ موماي.

— ئابايا سىز بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغاندا كۆلدىڭىز، كېيىن ئاھ ئۇردىڭىز، بۇ نېمە سەۋەبتىن؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت. موماي باللارنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىنى سېزىپ قالغانلىقىدىن، ئەگەر ئويلىغانلىرى ئاشكارىلىنىپ قالسا، بېشىغا بىرەر بالا كېلىشتىن ئەنسىرەپ راست گەپ قىلىشقا پېتىنالماي:

— كۆلۈشۈمدىكى سەۋەب، سىلەرنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇم. ئۇھ تارتىشىمنىڭ سەۋەبى بولسا، مەن سىلەر بىلەن داۋاملىق بىرگە بولالماي ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىمغا ئېچىنىپ ھەسرەتلەندىم، — دەپ يالغان سۆزلەپتۇ. يىگىت بۇ جاۋابقا قايىل بولماي:

— ئانا، ئەگەر شۇ سىرنى ئېيتىپ بەرمىسىڭىز زادى كەتمەيمەن، ئۇ توغرۇلۇق سىزنىڭ بېشىڭىزغا ھەرقانداق ئىش كەلسە مەن تەييار، — دېگىنىچە يىلىنىپ تۇرۇۋاپتۇ.

موماي:

— ئەي باللىرىم، مەن بىر قېرى، ئاجىز ئايالمەن، مېنى بۇنداق تەڭلىككە سالماڭلار، سىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، بۇ ئىشنى مېنىڭدىن سورىماڭلار، — دېسىمۇ يىگىت زادى ئۇنىماپتۇ. ئاخىر موماي ئامال قىلالماي، سىرنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولۇپ:

— باللىرىم، سىلەر مېنى يامان يەردىن قىستىدىڭلار. سىلەر ھازىر ناھايىتى چىرايلىق، تەڭدىشىڭلار يوق ئۆسۈپ يېتىلدىڭلار، ھۆسن ـ جامالىڭلار ھەممىنى مەپتۇن قىلىدۇ، لېكىن مەن بۇ سىرنى ئاشكارىلىسام، سىلەر بۇ دۇنيادا مۇراد ـ مەقسىتىڭلارغا يېتەلمەيسىلەر. ئەسلىي ئىش مۇنداق، — دەپ، موماي باللارنىڭ بۇ تاغلىق شەھەرگە كېلىپ قېلىشى، پادىشاھنىڭ باللارنىڭ ئۆز ئەسلىنى بىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ كېلىپ:

— سىلەر پادىشاھنىڭ ئۆز بالىلىرى ئەمەس، لېكىن تېگى ـ تەكتىڭلارنى مەنمۇ بىلمەيمەن، بەلكىم باشقا بىر يۇرتتىن ئوغرىلاپ كېلىنگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن، قىسقىسى، گەپ شۇ. مەن سىلەردىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنەي، ئۆزۈڭلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغانلىقىڭلارنى ھېچ كىشىگە بىلدۈرمەڭلار، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، سىلەرمۇ، مەنمۇ ئامان قالمايمىز، — دەپ ئۇلارغا ئامان ـ

ئېسەنلىك، بەخت تىلەپ سۆزىنى تۈگىتىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ...

يىگىت بىلەن قىز قىزنى باققان ئىنىكئانىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ مومايمۇ يىگىتنىڭ ئىنىكئانىسىغا ئوخشاش، بىر كولۇپ، بىر ئۇھ تارتىپ، ئۇن چىقارماي جىم ئولتۇرۇپتۇ. قىز بىلەن يىگىت يېلىنىپ ئۆز سۆزلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يىگىتنىڭ ئىنىكئانىسى سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ...

يىگىت بىلەن قىز ئىككى موماينىڭ سۆزلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن ئۇلارنىڭ راست سۆزلىگەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىنى بىلىپ، قەلبىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، بىر ــ بىرىگە بېقىشىپ تويماپتۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىگە تۇيۇقسىز تۇتاشقان ئىشق ئوتى كۈندىن ــ كۈنگە ئۇلغىيىپ، كۈندۈزى بىر ــ بىرىنى كۆرمىسە چىدىمايدىغان، كېچىلىرى تۈننى تاڭغا ئۇيقۇسىز ئۇلايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى، پىكىر ــ خىيالى تاغلىق شەھەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، باشقا يۇرتلارغا بېرىپ ۋىسال تېپىش ئىكەن. ئۇلارنىڭ مېھىر ــ مۇھەببىتى كۈندىن ــ كۈنگە ئۇلغىيىپ، بىر كۈنى يىگىت:

ـــ ئەي سۆيۈملۈك مەلىكەم، مېنىڭ سىزگە بولغان ھېرسلىقىم تولىمۇ ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، تاقىتىم قالمىدى، ـــ دەپ، قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىپتۇ. قىز يىگىتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلاپ، ئۆز قەلبىنى

ئىزھار قىپتۇ...

كۈندىن ـ كۈنگە ئۆلغىيىۋاتقان ئىشق ئوتى ئۇلارنى ئاخىر بىرەر چارە ـ ئامال تېپىپ بۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئىككىسى: «بىز بۇ شەھەردە تۇرىۋەرسەك، بىزنى بىر پادىشاھنىڭ بالىلىرى دەپ بىلىپ، بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىپ، بىر ـ بىرىمىز بىلەن مەڭگۈ كۆرۈشەلمەس ھالەتكە كەلتۈرۈپ داغدا قالدۇ-رىدۇ. شۇنداق تەقدىرگە دۇچ كەلمەسلىكىمىز ئۈچۈن، بىز-نى بېقىپ چوڭ قىلغان ئانىلىرىمىزنىڭ مەسلىھەتىنى ئالايلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، پادىشاھقا تۇيدۇرماي ناھايى-تى كۆپ سوۋغا ـ سالام ئېلىپ ئىنىكئانىلىرىنىڭ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ...

يىگىتنىڭ ئىنىكئانىسى ئۇلارنى ناھايىتى خۇشال ـ خۇرام كۈتۈپتۇ. موماي ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ بىر جۈپ غۇنچىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولۇپ، دىلى سۆيۈنگىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. يىگىت بىلەن قىز مومايىنىڭ تەييارلىغان تائاملىرىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، مومايىنى رازى قىپتۇ. موماي ئۇلاردىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

— ئەي قىممەتلىك، مېھرىبان ئانا، بىز سىزدىن بىر ئىشنى سورىغىلى كەلدۇق. بىز سىز ئېيتىپ بەرگەن سىرنى بىلگەندىن كېيىن دىلىمىزغا ئوت تۇتىشىپ، يۈرە-كىمىز چوغ بولدى، ئەمدى چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى،

بۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشنى ئويلاپ ھېچ ئامالىنى تاپال-مىدۇق. ئاخىر يەنىلا سىزنى مۇشكۇلىمىزنى ئاسان قىلار، دەپ كەلدۇق. ياردەم قىلغاندىكىن ئاخىرغىچە ياردەم قى-لىڭ، دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىش ئامالى بارمۇ، يوق ؟ — دەپ مومايغا يالۋۇرۇپتۇ. موماي يىگىتنى ئولتۇرۇشقا تەك-لىپ قىلىپ:

— بالىلىرىم، سىلەر ئەمدىلا ئۆسۈپ يېتىلدىڭلار، مەن سىلەرنى مۇراد - مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزۈپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتسەم ئارمىنىم قالمايدۇ. بالىلىرىم، مېنىڭ ئېيتقانلى-رىمنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار: بۇ شەھەردىن سىرتقا چىقىشنىڭ بىردىنبىر يولى شىمالىي تەرەپتىكى دەرۋازا، بىراق دەرۋازىنى بىر قارا دىۋە ساقلايدۇ، بۇ دىۋە ھېچ-قانداق نەرسىگە رەھىم قىلمايدۇ، ھەتتا چىۋىننىمۇ ئۆت-كۈزمەيدۇ. بۇ دىۋە تۈننىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا بارغاندا راسا ئۇخلايدۇ، بېشىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ تۇيمايدۇ. بىر ئاش پىشىم ياتىدۇ - دە، يەنە قوپۇپ دەرۋازىنى كۆز-دىن كەچۈرىدۇ. ئەگەر بىرەرنەرسە ئۆتۈپ كەتكەننى سەزسە، شامالدىن تېز يۈگۈرىدىغان بىر دۇلدۇلى بار، شۇنى مىنىپ قاچقۇچىنى كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، قولىدىكى بىر سىل-كىسە قىرىق گەز ئۇزىرايدىغان خىسلەتلىك قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ ياكى بولمىسا پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكې-لىدۇ. نېمە بولسۇن، دەرۋازىدىن چىققۇچىنىڭ بەربىر كاللىسى كېتىدۇ. ئەمما، بالىلىرىم، تەلىيىڭلار ئوڭدىن

كەلسە ئەجەب ئەمەس. سىلەر بوگوندىن باشلاپ، پادىشاھنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئادەم مىنىپ باقمىغان بىر ئارغىمىقى بار، شۇنى مىنىپ، چاپتۇرۇشنى مەشىق قىلىڭلار. بۇ مەشىقىڭلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىلىچ چېپىشنى مەشىق قىلىڭلار. ئات مىنىش، قىلىچ چېپىشنى بىر ئاي مەشىق قىلىڭلار. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ھەر ئاينىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى پۈتۈن ئوردا ئەركانلىرىنى، ياساۋۇل - خىزمەتچىلىرىنى بىر كېچە زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋالىدىغان پەيت كېلىدۇ. ئۇلتۇرۇش راسا قىزىپ، ئەۋجىگە چىققان پەيت دىۋىنىڭ راسا قاتتىق ئۇخلايدىغان ۋاقتى. سىلەر بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پادىشاھنىڭ قىلىچى بىلەن دۇلدۇلنى ئېلىپ، ھېچ نەرسىگە قارىماي دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىڭلار. دىۋىنىڭ قولىدىن ئامان قۇتۇلۇپ چىقساڭلارمۇ زادى بىخۇدلۇق قىلماڭلار. سىلەر دەرۋازىدىن چىقىپ ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنى چىڭقىچۈش مەزگىلى راسا چاڭقىغان ۋاقىتتا، بىر بۇلاق بويىدا بىر تۈپ چىنار بار ھاۋالىق جايغا يېتىپ بارىسىلەر، ئۇ يەرنى ھاۋالىق، ياخشى جاي ئىكەن، دەپ چۈشكۈن قىلماڭلار، ئۇ يەر خەتەرلىك، — دەپ پۈتۈن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارغا ئامان - ئېسەنلىك، بەخت تىلەپ دۇئا بېرىپ يولغا سالدى...

يىگىت بىلەن قىز موماي بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن قىزنىڭ ئىنىكئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا

يول كۆرسىتىپتۇ. يىگىت بىلەن قىز ئۇنىڭ بىلەنمۇ خوشلىشىپ، ئوردىغا كەپتۇ. ئۇلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىنىكئانىلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، پادىشاھتىن دۇل-دۇلنى سورىۋېلىپ ئون بەش كۈن چاپتۇرۇپ مەشىق قىپ-تۇ. ئون بەش كۈندىن كېيىن پادىشاھنىڭ قىلىچىنى سو-رىۋېلىپ، چەۋەندازلىقنى ئون بەش كۈن مەشىق قىلىپ موماينىڭ دېگەن مۆھلىتىنى توشقۇزۇپتۇ. دېگەندەك، كۈت-كەن پۇرسەت يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بى-لىپ، ئىككىسى دۇلدۇلغا مىنىپ، ئۇخلاۋاتقان دىۋىنىڭ بېشىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار كەينىگە قارىماي ئۇچقاندەك چېپىپتۇ.

دىۋە ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆزى قىلىپ قويغان بەلگىلەر بۇزۇلغانىكەن. بۇنىڭدىن ئۇ دەرۋا-زىدىن بىرەرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ سەپرايى ئۆرلەپ، دەرغەزەپ بىلەن:

— خەپ، توختاپتۇرۇش، مەن قوغلاپ يېتىپ كاللاڭلارنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلمىسام، — دەپ دۇلدۇل-غا مىنىپ يىگىت بىلەن قىزنى قوغلاپتۇ. ئارىدىن ئۇچ ئاش پىشىم ئۆتكەندە ئۇچ كۈنلۈك يولنى بېسىپ، ئالدىدا قۇيۇندەك تېز كېتىۋاتقان يىگىت بىلەن قىزنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ. دىۋە يەنە بىرئاز مېڭىپلا قېچىپ كېتىۋاتقانلار-نىڭ پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ كېتىۋاتقان پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ:





ـــ ئەي يىگىت، توختا! ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ، يىگىت توختىماپتۇ. دىۋە يەنە ۋارقىراپتۇ، يىگىت تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. دىۋە ئۇلارنىڭ قېچىشىدا بىر سىر بار دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا رەھىمى كېلىپ قىلىچنى شىلتىماي، دولدۇلنى چاپتۇرغىنىچە ئالدىغا ئۆتۈپ توسۇپ:

ـــ ئەي باتۇر باللار، نەگە قاچىسىلەر؟ نىمە ئۈچۈن توختا دىسەم توختىمايسىلەر؟ مەن ئادەمگە رەھىم قىلمايمەن دەپ قەسەم قىلغان. سىلەر پادىشاھنىڭ باللىرى تۇرۇپ

قاچقىنىڭلارغا قارىغاندا، دىلىڭلارغا پۈككەن بىرەر ئارزۇ-يۇڭلار بار ئوخشايدۇ، ئارزۇيۇڭلارغا يېتىڭلار، مەن سىلەر-گە رەھىم قىلاي، بىراق قانداق ئىشقا مېڭىشىڭلاردىن قەت-ئىينەزەر، ماڭا پادىشاھنىڭ دۇلدۇلى بىلەن قىلىچىنى بې-رىڭلار، سىلەر مېنىڭ دۇلدۇلۇم بىلەن قىلىچىمنى ئې-لىڭلار. شۇنداق قىلمىساق، مەن پادىشاھتىن قۇتۇلالماي-مەن. مەن پادىشاھنىڭ دۇلدۇلى بىلەن قىلىچىنى ئېلىپ بېرىپ، بۇ نەرسىنى ئىككى بالا ئېلىپ قاچقانىكەن، چۆلدە يېتىشىپ بېرىپ چانىۋەتتىم دەپ قۇتۇلاي، — دەپتۇ -دە، دۇلدۇلىدىن چۈشۈپ قىلىچىنى يىگىتكە بېرىپتۇ.

يىگىت بىلەن قىز دىۋنىڭ دۇلدۇلىغا مىنگەندىن كې-يىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، دىۋگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. دىۋە پادىشاھنىڭ دۇلدۇلىغا مىنىپ ئارقىسىغا قايتىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. يىگىت بىلەن قىز ناھايىتى خۇشال ھالدا يولنى داۋام ئېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى دىۋنىڭ خىسلەتلىك قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ شامالدىن تېز يۈگۈرىدىغان دۇلدۇلىغا ئىگە بولغانلىقىدىن ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئۈچىنچى كۈنى چىڭقىچۈش بولغان چاغدا موماي ئېيتقان بۇلاق بويىغا يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىدە ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، مومايىنىڭ سۆزىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. قىز ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ:

— ئەي قەدىرلىك شاھزادەم، بۇ يەر ھاۋالىق، ياخشى

يەر ئىكەن، ھاردۇق ئېلىپ، سالقىنداپ، چاڭقىغىنىمىزنى بېسىپ ئاندىن يولىمىزنى داۋام ئەتمەيمىزمۇ؟ ــ دەپتۇ. يىگىت بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپتۇ. ئۇ دۇلدۇلىدىن چۈشۈپ مەلىكىنى يەرگە ئېلىپ قويۇپ، دۇلدۇلنى چىنار شېخىغا باغلاپ قويۇشقا تۇتۇش قىپتۇ. مەلىكە بۇلاق بويىغا بېرىپ قولىنى سۇغا ئۇزاتقانىكەن، شۇ ھامان بۇلاق تېگىدىن بىر نەرسە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ قىزنىڭ پېشانىسىگە تەگكەندەك تۇيۇلۇپتۇ. قىز شۇنداق قاتتىق ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ تاشلاپتۇ، يىگىت بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كېتىپ قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە بۇلاق بويىغا كەلسە، قىز پېشانىسى يېرىلغان ھالدا سۇنايلىنىپ ياتقانىكەن. يىگىت بۇنى كۆرۈپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ قىزنى چاقىرغانىكەن، لېكىن ھېچقانداق جاۋاب ئالالماي، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ-تۇ، تومۇرىنىڭ ئاللىقاچان توختاپ، نەپىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ:

ــ ئاھ، مېنىڭ سۆيۈملۈك مەلىكەم، سىزگە نېمە بولدى؟ قانداق ياۋۇز سىزنىڭ جېنىڭىزغا زىيانكەشلىك قىلدى؟ ــ دەپ داد ـ پەرياد، نالە قىلىپ، سىرنى بىلىش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپنى ئاختۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ نەرسىنىڭ شەپىسىنى ئالالماپتۇ. يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ، قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆز ھالىتىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھېچ ئامالىنى قىلالماپتۇ، ئاخىر دۇلدۇلغا مىنىپ ئەتراپ-نى بىر كۈنلۈك يولغىچە چارلاپ، قىزغا زىيانكەشلىك

قىلغان نەرسىنى تاپالماي يەنە قىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كې-
لىپ، قىزنىڭ دەردىدە يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، لېكىن ھېچ
نەرسە ئەسلىگە كەلمەپتۇ. بۇ ھال ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئىستەك
بىلەن ئۆزىگە ئەركىن ماكان ئىزدەپ كېتىۋاتقان يىگىتكە
قاتتىق ئەلەم بولۇپ، پۈتۈن جاھان ماتەم تونى كىيگەندەك
كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپتۇ. يىگىت قىز ئۈچۈن ئۈچ كۈن
ماتەم تۇتۇپتۇ، تۆتىنچى كۈنى تاغلىق شەھەردىن قانداق
چىققان بولسا، قىزنى شۇ پېتى دەپنە قىلىپ قويۇپ:
ــ ئاھ مەلىكەم، سىزنى بۇ ھالدا كۆرۈشكە چىدىغۇ-
چىلىكىم قالمىدى، خەير، ئۆلۈم بىزنى ئايرىدى، مەن بۇ
سىزنى يەشمەي قويمايمەن، ــ دەپ قان يىغلىغىنىچە جانا-
نى بىلەن خوشلىشىپ دۈلدۈلىغا مىنىپتۇ، لېكىن نەگە
بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئالغا
قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ.
بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ بې-
رىپتۇ. شەھەر ئاۋات، بازار قايناق ئىكەن. ئۇ غەشلىك
كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇرۇپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن
بازار ئارىلاپ يۈرسە، ئالدىدىن ئۆز مەلىكىسىگە قويۇپ
قويغاندەك ئوخشاش بىر قىز چىقىپ كەپتۇ. يىگىت ئۇ
قىزنى كۆرۈپ خۇرسەن بولغان ھالدا قىزنىڭ ئالدىغا مې-
ڭىپتۇ. لېكىن، قىز يىگىتكە قىلچە پەرۋا قىلماي يانداپ
ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىگىت قىزنىڭ كەينىگە كىرىپ ماڭغاند-
كەن، ئۇ ھەشەمەتلىك كاتتا بىر ھويلىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

يىگىت بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ، ئەمەس دېسەم، قويۇپ قويغاندەك ئوخشاش، شۇ دېسەم، ماڭا پەرۋامۇ قىلمىدى. بۇ قىز زادى كىم؟ ئەي پەرۋەردىگار، بۇ قانداق سىر؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ، غەم - قايغۇ ئىچىدە يۈزمىڭ نادامەت چېكىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆز مەھبۇبىدىن ئايرىلىپ غەم ۋە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان يىگىت ئۆزىنىڭ قانداق ماڭغان، قايان ماڭغانلىقىنى پەرق ئەتمەي، ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرى كۆركەم، قەسىرلىرى ھەيۋەتلىك ئىكەن. ئۇ كوچا ئارىلاپ خېلى ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەرمۇ ئادەم ئۇچرىماپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ ئىشىكلەرگە قارىغانىكەن، ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسى قۇلۇپلانغان، چاڭ - توزان باسقانىكەن. سەپسىلىپ قاراپ،



شەھەرگە ئادەم ئايىغى باسمىغىنىغا خېلى ۋاقىتلار بولغانلىقىنى پەملەپ، بۇنىڭ تېگىدە نېمە سىر بارلىقىنى بىلەلمەي: «خەير، بۇمۇ بىر سىر بولدى، ئەمدى بۇ يەردىنمۇ چىقىپ كېتەي» دەپ، شەھەر دەرۋازىسىغا كەلسە، دەرۋازا ئوچۇق ئىكەن، ئۇ دۇلدۇلنى چاپتۇرغىنىچە دەرۋازىدىن كەچ پېشىن بىلەن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ شەھەردىن چىقىپ بىر قەبرىستانلىقتىن ئۆتكەندە، ئالدىغا غول توغرا كەپتۇ. ئۇ غولنىڭ باش ـ ئاخىرىنى كۆرەلمەي، ئات يولى بىلەن غول ئىچىگە چۈشۈپتۇ. غولنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بارغاندا، دەھشەتلىك بوران كېلىپ ئۇنى ماڭدۇرماي قويۇپتۇ. ئۇ خېلى تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، بىرەر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەپتۇ. ئامالسىز غولدىن قايتىپ چىقىپتۇ. غولنىڭ ئۈستىگە چىقسا ھېچ نەرسە يوق، جاھان تىپتىنچ ئىكەن. ئۇ بوران توختاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ، قايتا غولغا چۈشكەنىكەن، بوران ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچىيىپ ئۇنى كۆز ئاچقۇزماي قويۇپتۇ. ئۇ يەنە قايتىپ چىقىپتۇ. يەنە تىپتىنچ، بوراندىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. ئۇ يەنە غولغا چۈشۈپتۇ، لېكىن بۇ نۆۋەت مىڭ تەسلىكتە جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قايتىپ چىقىپتۇ. شۇنداق ئۈچ نۆۋەت چۈشۈپ غولدىن ئۆتۈشكە ئىنتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچبىر يول يۇرەلمەي ئاخىر: «بۇمۇ بىر سىر بولدى» دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ، ئادەمسىز قۇرۇق شەھەرگە قايتىپ كەپتۇ.

شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ، بىر دەرۋازا تۈۋىدە يا تىرىك، يا ئۆلۈككە تەۋە ئەمەس، چاچلىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن، ساقىلى يەرگە سۆرىلىپ تۇرغان بىر بوۋاينى تامغا يۆلەنگىنىچە كۆزلىرى كەينىگە تارتىشىپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرۈپ: «خۇداغا شۈكۈر، ئادەم بار ئىكەن» دەپ خۇشال بولۇپ، ئاتتىن چۈشۈپ سالام بېرىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ئوغلۇم، قەيەردىن كېلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بىر يولۇچى ئىدىم، كەچ قېلىپ يولدا بورانغا دۇچ كەلدىم، ئىلاجسىز بۇ شەھەرگە پاناھ ئىزدەپ كەلدىم، ماڭا بىر كېچە قونالغۇ بەرسىڭىز، — دەپ ئۆز ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ ئۈستۈۋېشىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ:

— مەن سېنى ئۆيۈمدە قوندۇرۇپ قېلىپ ياخشى مېھمان قىلاي، لېكىن مېنىڭ بىر شەرتىم بار، شۇنى ئورۇندىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ.

يىگىت رازى بولۇپ بوۋاينىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، دۇلدۇلنى ئوقۇرغا باغلاپ قويۇپ، بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۆينىڭ ئىچى پاك - پاكىز تازىلانغان، ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا سەرەمجان، ئۆينىڭ تۆرىگە ئېگىز بىر كارىۋات قويۇلغانىكەن. بوۋاي ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ كارىمۇ بولماي، گەپ - سۆزمۇ قىلماي

كارۋاتقا چىقىپ يېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. يىگىت يول يۈرۈپ هارغان بولسىمۇ، ئۇ كۆرگەن غەلىتە ئىشلار كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا بۇ تۈن مەڭگۈ قاراڭغۇلۇقتا هۆكۈم قىلىنغاندەك تۇيۇلۇپ، بىئارام بوپتۇ. ئاخىر توخۇ چىللاپتۇ. يىگىت سەھەر يولغا چىقىشنى ئويلاپ:

— ئەي بوۋا، قوپۇڭ، مەن سەھەر يولغا چىقىمەن، شەرتىڭىزنى قويۇڭ، — دەپ چاقىرىپتۇ. بوۋاي ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرمەيلا:

— ئوغلۇم، ئالدىرىما، تېخى ئەتىگەن، بىرئاز ۋاقتى بار، — دەپ يېتىۋېرىپتۇ. يىگىت تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بوۋاي ئورنىدىن تۇرماپتۇ. ئاخىر يىگىت چىدىماي سىرتقا چىقىپ چاشگاھ ۋاقتى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، دولدۇلنى توقۇپ قوياي دەپ، يەنە بوۋاي ئورنىدىن تۇرمىدى، كېتەي دېسەم بۇ بوۋاي تولىمۇ قېرى ئىكەن، هاجىتىدىن چىقمىسام بولماس، دەپ ئويلاپ ئالدىراپ كىرىپ:

— ئەي بوۋا، كۈنمۇ بىر يەرگە باردى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ شەرتىڭىزنى قويۇڭ، مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش ئىدى، — دەپ يالۋۇرۇپ چاقىرىپتۇ. بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىلگىرى كۆرمىگەندەك قاراپ:

— توختاپ تۇر، ئوغلۇم، هازىرلا بارىمىز، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بوۋاي كۈن تازا چىڭقى چۈش بولغان

ۋاقىتتا ئۆز ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدىغان چاقىقانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆي ئىچىنى ئۇيان - بۇيان قىلىپ يىغىشتۇرغاندىن كېيىن:

— ياق، ئوغلۇم، مەن بىلەن ماڭ، — دەپ كەينىگە سىلىپ مېڭىپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن شۇنداق چوڭ بىر دەرۋازا كۆرۈنۈپتۇ، دەرۋازىغا ئادەمدەك چوڭلۇقتا بىر قۇلۇپ سېلىنغانىكەن. بوۋاي بىردىنلا توختاپ:

— ئوغلۇم، توختا، ئەنە ئاۋۇ يوغان قۇلۇپ سېلىنغان دەرۋازىنى كۆردۈڭمۇ؟ مەن بېرىپ شۇ قۇلۇپنى ئېچىپ ئىچىگە كىرىمەن، سەن سىرتتا قالىسەن. مەن ئىچىگە كىرىپ ئاچقۇچنى ساڭا بېرىمەن. سەن ئاچقۇچنى ئېلىپ، دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ قويۇپ، ئاچقۇچنى ئۆيۈمگە ئەكىرىپ قويۇپ كەتسەڭ بولىدۇ. ئوغلۇم، شۇنداق قىلساڭ مەن سەندىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى. لېكىن، ئوغلۇم، مەن ساڭا ياخشىلىق قىلدىم، سەنمۇ ماڭا ياخشىلىق قىلساڭ، مەن دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە سەن ئىچىگە قارىما، قارىساڭ پەقەتلا بولمايدۇ. قانداق، ئوغلۇم، قارامسەن، قارىمامسەن؟ — دەپتۇ. يىگىت قارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بوۋاي خاتىرجەم بولالماي، يەنە:

— ئوغلۇم، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلامسەن ياكى دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قارامسەن؟ — دەپ قايتىلاپ سوراپتۇ. بوۋاي قايتا - قايتا تاپىلىغانچە يىگىتتە بۇ يەردە نېمە سىر بارلىقىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى ئۇلغىيىپتۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆز خىيالىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئاغزىدىلا:

— پەقەت قارىمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بوۋاي قولىغا ئادەم بىلىكىدەك ئاچقۇچ-نى ئېلىپ، ئۇنى ئەگەشتۇرۇپ دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپ، قۇ-لۇپنى ئېچىپ، ئىشىكنى ئۆزى پاتقۇدەك قىيا ئېچىپ ئى-چىگە كىرمەكچى بولغاندا، يىگىت كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قاراپ، جەينەكنىڭ ئۇستىلا بار شۇنداق يوغان بىر قولنىڭ بىر پولات زەنجىرنى تۇتۇپ تۇرغانلىقى-نى، بۇ زەنجىرنىڭ پۈتۈن شەھەرنى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بوۋاي ئىچىگە كىرىپ دەرۋازىنى تاقاپ ئاچ-قۇچنى يىگىتكە بېرىپتۇ. يىگىت دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ كەي-نىگە قايرىلىپ ماڭغانىكەن، دەرۋازا ئىچىدىن شۇنداق دەھشەتلىك، ئېچىنىشلىق ئاۋاز چىقىپ يىگىتنى چۆچۈتۇ-ۋېتىپتۇ. ئۇ ئاۋازنى ئاڭلاپلا كەينىگە قارىغانىكەن، دەرۋازا ئۆرۈلۈپ، ئىمارەتلەر ۋەيران بولغان، بوۋاي ئۆلۈك ياتقان. يىگىت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ بوۋايغا يېقىن بېرىپ قا-رىسا، بوۋاي ئاغزىدا بىر تال چوكىدەك ياغاچنى قاتتىق چىشلىگىنىچە ياتقانىكەن. يىگىت بۇ ھالغا ھەيران بولۇپ: «سۇبھاناللا، بۇ قانداق سىر؟» دەپ بىرھازا تۇرۇپ كېتىپ، ھەممە كەچۈرمىشلىرىنى ئەسكە ئاپتۇ. ئۇ ھەممە كەچۈر-

مىشلىرنى ئەسلەپ بولۇپ: «مەن مەلىكەمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بۇ شەھەرگە كېلىپ، بۇ قېرىنىڭ ئۆيىدە بىر كې-چە قوندۇم، شۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ قېرىنى ئۆ-يىگە ئاپىرىپ ياخشى يۇيۇپ - تاراپ، كۆمۈپ قوياي» دې-گەن ئوي بىلەن بوۋاينى يۇدۇپ ئۆيىگە ئەكېتىپتۇ. ئۇنىڭغا شەھەر سىرتىدا ئۇچرىغان قەبرىستانلىقتىن بىر گۆر ھا-زىرلاپ، يۇيۇپ - تاراپتۇ. كۆمۈش ئالدىدا ئاغزىدىكى يا-غاچنى چىقىرىپ مەيدە يانچۇقىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇ ھەممە ئىشنى تۈگىتىپ، يولىنى داۋام ئېتەي دېسە يەنە كەچ كى-رىپ قېلىپ مېڭىش ئىمكانىيىتى قالماي: «نېمىلا بول-سۇن، بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ بۈگۈن كېچە چىرىغىنى ياندۇرۇپ، ئەتە ئەتىگەن كېتەي» دەپ شەھەرگە قايتىپ كەپتۇ.

يىگىت بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بوۋاينىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىپتۇ، لېكىن ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئۇيقۇسى كەلمەي خىيال سۈرۈپ تۈڭلۈككە قاراپ ياتسا، تۈڭلۈكتىن يوغان بىر دېۋىنىڭ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپتۇ. قاراپ تۇرسا، ئۇ دېۋە كىچىكلەپ بىر قۇشقاچچىلىك بولۇپ قاپتۇ. يىگىت بۇ ھېكمەتكە ھەيران بولۇپ تۇرسا، قۇشقاچ كېلىپ تۈڭلۈككە قونۇپتۇ، بىرئازدىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ يىگىتنىڭ يېنىغا كەپتۇ. يىگىت ئەھۋالنى كۆزىتىپ مىدىرلىماي جىم يېتىپتۇ. قۇشقاچ ئاخىر يىگىتنىڭ پۇتىغا چىقىپتۇ، ئاندىن ئاستا مېڭىپ تىزىغا كەلگەندە، بىر

سەكرەپلا يىگىت بوۋاينىڭ ئاغزىدىن ئېلىنىۋېلىپ مەيدە ياغ-چوقىغا سېلىنىۋالغان ياغاچنى چىشلەپ ئېلىپ قېچىپ، تۈگۈلۈكتىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەيرانلىقتا نېمە قىلارد-نى بىلمەي قاپتۇ. يىگىت ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ سىرنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ، دۈلدۈلىغا مىنىپ بوۋاينى كۆمگەن يەرگە بارسا، بوۋاي يول ئۈستىدە ھېلىقى ياغاچنى يەنە ئاغزىدا چىشلىگەن ھالەتتە ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن يىگىت ھەيران بولۇپ: «ھوي، بۇ قانداق ئىش؟ بۇ بوۋاينى مەن تۈنۈگۈن كۆمۈپ قويسام بۈگۈن يولدا ياتىدىغۇ» دەپ، دۈلدۈلىدىن چۈشۈپ بوۋاينى كۆمۈپ قويغان يەرلىككە بار-سا، بوۋاي كۆمۈپ قويغان يەردە يوق ئىكەن. يىگىت ھەر-قانچە ئويلىغان بولسىمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئاخىر يەنە بوۋاينى ئۆز ئورنىغا ئەكېلىپ ئاغزىدىكى يا-غاچنى ئالماي كۆمۈپ قويۇپ، بوۋاينىڭ ئۆيىدە يەنە بىر كېچە قونۇپ باقاي، يەنە قانداق ئىش يۈز بېرىدىكىن، دەپ ئويلاپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونۇپتۇ، لېكىن بۇ كېچە ھېچقانداق ئىش سادىر بولماي تىپتىنچ ئۆتۈپ كېتىپ-تۇ...

يىگىت ئەتىسى سەھەر يولغا راۋان بوپتۇ. لېكىن، يى-گىتنىڭ كاللىسىدا ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەر تېپىشماق ھالەتتە قېلىۋېرىپتۇ. بۇ تېپىشماقلار ئىچىدە يېشەلمەي يىگىتنى ھەممىدىن ئازابلايدىغىنى ئۆز ئاشىقى مەلىكىنىڭ ئۆلۈمى ئىكەن. يىگىت ئۆزىنىڭ شۇنداق قورقماس، باتۇر

تۇرۇقلۇق گۈزەل نازىنىنغا پاناھ بولالمىغانلىقىغا ۋىجدانى چىدىماي، باغرى كاۋاپ بولىدىكەن. ئۇ ئاشۇ ئازابلىق ئەس-لىمىلەر بىلەن بەند بولۇپ، قانچىلىك يول يۈرگىنىنىمۇ سەزمەي بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ.

ئۇ شەھەرگە كىرىپ ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرسە، ھەم-مىلا يەردە ئادەملەر توپلىشىۋېلىپ بىر - بىرى بىلەن مۇشتلىشىۋاتقانىكەن. دەسلەپتە ئۇ، كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان چېغى دەپ ئېتىبار قىلماپتۇ، لې-كىن نەگىلا بارسا ئاشۇ ئىش بولغاچقا، بۇ ئىش يىگىتنى ئەجەبلەندۈرۈپتۇ - دە، زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىل-گۈسى كېلىپ، بىر بوۋايدىن:

— ئەي بوۋا، كىشىلەر نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىگە رەھىم قىلماي شۇنچە مۇشتلىشىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىغا قاراپ چىقىپ:

— تەقى - تۇرقۇڭ، گەپ - سۆزۈڭدىن بۇ شەھەرلىك ئەمەس ئوخشايسەن. بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى يەتتە نوچى. بۇ يۇرتنى ئاشۇ مۇشتۇمزورلار سورايدۇ، بىز شۇلارنى يەڭگۈ-دەك نوچى تاللاۋاتىمىز. ئەمدى تېخى بىرى چىقتى. قانداق، بىر سىناپ كۆرەمسەن؟ — دەپتۇ. يىگىت ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ - دە، ئويلانمايلا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ دۇلدۇلنى قويۇۋېتىپ مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئىلگىرى ئۆ-گەنگەن ھۈنەر، كارامەتلىرىنى ئىشلىتىشكە پۇرسەت چىق-

قانلىقىدىن خۇش بولۇپ، ئانچە كۆچىمەيلا ھەممىنى يېڭىپ چۈشۈپتۇ. تاللانغان باتۇرنىمۇ يېڭىپتۇ. بۇ خەۋەر يەتتە نوچىغا يېتىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئېلىشىدىغان ئا- دەمنىڭ چىققانلىقىغا ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلى- شىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە شەھەر مەركىزىگە چوڭ سورۇن تەي- يارلىنىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر يىگىتنىڭ يېڭىدىغانلىقىغا ئى- شىنىپ تۇرغاندا، يەتتە نوچى ھەيۋە بىلەن مەيدانغا كى- رىپ، يىگىتنى مەنسىتمەي گىدىيىپ تۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىرى چىقىپ، ئەتراپتىكىلەرگە:

— بىز شەھەر نوچىلىرى، ئەگەر بىزنى يېڭىدىغان ئادەم چىقسا، يۇرتنى ئۇڭچە تاشلاپ بېرىمىز، — دەپتۇ. ئەتراپتىكىلەر يىگىتكە مەدەت بېرىپتۇ. يىگىت مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن، نوچىلاردىن بىرى:

— بىر - بىرلەپ چۈشەمسىزمۇ ياكى بىرلىشىپ چۈ- شەمسىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت تەمكىنلىك بىلەن:

— ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا، مەيدانغا قانداق چۈشۈشنى خالىساڭلار، شۇنداق چۈشسەڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ. كەينى - كەينىدىن ئۈچ نوچى يەككە - يەككە ھالدا مەيدانغا چۈ- شۈپ، كۆپ ئېلىشمايلا يېڭىلىپ قاپتۇ. قالغانلىرى يەككە - يەككە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي، ئىككىدىن - ئىك- كىدىن مەيدانغا چۈشۈپ يېڭىلىپ قاپتۇ. يەتتە نوچى يېڭى- لىپ قالغانلىقىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئۆز لەۋزىدە تۇرۇپ

يۇرتنى يىگىتكە تاپشۇرۇپتۇ. يىگىت شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بۇ يۇرتقا پادىشاھ بولۇپ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ، خەلقنى رازى قىپتۇ. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلىكىنىڭ ئىشقىدا ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ پادىشاھلىق دېگەنلەرگە پىسەنت قىلماي ۋەزىرنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، مەلىكىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىشنى ئويلاپتۇ ۋە بۇ ھەقتە ۋەزىرلىرىگە مەسلىھەت ساپتۇ. شۇ كۈنلەردە يەتتە نوچى يەنە شەھەرنى تارتىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەنىكەن، ئۇلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپتۇ ـ دە، يەتتىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ: «ئاغىنىلەر، بىز ئىلگىرى بۇ يۇرتنى سوراپ كەلگەن، ئەمدى بېشىمىزغا بۇ بالا كەلدى. بىز ئۇنى تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ قانداقمۇ بىر ئىش قىلالايمىز؟ ياخشىسى، ئۇنى يىراق سەپەرگە ئاچىقىپ يولدا جايلىۋېتەيلى» دەپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ ۋە بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي پادىشاھ، بىز يۇرتنى سوراۋاتقان ۋاقىتتا يىراق يۇرتلارغا بېرىپ سودا قىلاتتۇق. بىز بارىدىغان شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كاتتا بىر شەھەر بار، يولدا خەتەر كۆپ بولغاچقا، ئەنسىرەپ بارالماي تۇرۇۋاتاتتۇق، ھەمدەمدە بولۇپ بىللە بېرىپ كەلسەك، — دەپتۇ. يىگىت ئويلانمايلا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار تەييارلىقنى پۈتكۈزگىچە يىگىت توغرا نىيەتلىك ۋەزىردىن بىرنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، شاھلىق مۆھرىنى تۇتقۇزۇپ، يەتتە نوچى بىلەن سو-

دىغا بىرىشقا تەييارلىنىپتۇ. نوچىلار تەييارلىقىنى پۈتتۈ-
رۈپ، ئوتتۇز باتۇرغا قىلىچ تۇتقۇزۇپ بىرگە ئېلىپ مې-
ڭىپتۇ ھەم يولدا تۇيدۇرماي ئۇچۇقتۇرۇشنى مەسلىھەتلى-
شىپ يىگىتنى ئالدىدا مېڭىشقا دەۋەت قىلغانىكەن، يىگىت:
— مەن يول بىلمەيمەن، سىلەر باشلاپ مېڭىڭلار، —
دەپ ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. نوچىلار ئامالسىز
ئاتمىش كۈن چۆل - جەزىرىدە يول يۈرگەن بولسىمۇ، يى-
گىتنى تاك قىلىپ چېكەلمەپتۇ. ئۇلار بىر شەھەرگە يېتىپ
كېلىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئاخىر ئۇلار يىگىتنى تاشلاپ
قېچىش چارىسىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ:
— پادىشاھىئالەم، بىز شەھەر ئارىلاپ باقماقچى، —
دەپتۇ. يىگىت رۇخسەت قىپتۇ. ئۇلار بۇ پۇرسەتنى غەنىي-
مەت بىلىپ شۇ چىققىنىچە شەھەرنى، يىگىتنى تاشلاپ
قېچىپ كېتىپتۇ...
يىگىت ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىگە ئەجەبلەنمەپ-
تۇ. ئۇ ئۇلاردىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، چۈشكەن سا-
رىيىدا بىرقانچە كۈن ئارام ئېلىپ، ئاندىن مەلىكە يېتىپ
قالغان بۇلاق بېشىنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپتۇ، بىرقانچە
كېچە - كۈندۈز تىنماي يول يۈرۈپ بۇلاقنى تېپىپتۇ، قا-
رىسا مەلىكىنىڭ قەبرىسى تۇرغان، نېمە ئامال، يەنە
يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. نېملا بولسۇن، ئۆمرىنى مەلىكىسىنىڭ
روھىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزۈش ئارزۇسى بىلەن بۇلاق
بويىغا بىر كەپە ياساپتۇ.

بىر كۈنى يىگىت بۇلاقتىن سۇ ئىچمەكچى بولۇپ سۇغا قول ئۇزاتقانىكەن، شۇنداق دەھشەتلىك بىر مۇشت كېلىپ ئۇنىڭ چوققىسىغا تېگىپتۇ. ئۇ تىن تارتماي بۇلاق-قا موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ كوچىسى تار بىر شەھەردە كېتىۋاتقانلى-قىنى سېزىپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ: «ھەممە سىر ئاشكارىلىنىدىغان بولدىمۇ نېمە» دەپ يەنە بىرئاز ماڭغانـ-كەن، بىر يەردە يېتىم باللاردەك شۇمشىيىپ ئولتۇرغان نۇرغۇنلىغان بوۋايلار ئۇچراپتۇ. ئۇ يولىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن:

— ئەي بوۋىلار، بۇ قانداق يەر، سىلەر نېمە ئادەملەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىپتۇ. ئارىدىن بىرى چىقىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ بۇ دىۋىلەرنىڭ يەر ئاستى شەھىرى، يەر ئۈستىدىكى بۇلاق بولسا بۇ شەھەرگە كىرىشتىكى سېھىرلەنگەن دەرۋازا ئىد-كەن. كىشىلەر بۇنى بىلمىگەچكە، سۇ ئىچىش ئۈچۈن كەلسە، سېھىرنىڭ كۈچى بىلەن بۇلاققا چۈشۈپ كېتىپ، بۇ شەھەرگە قامىلىپ، نۆۋىتى كەلسە دىۋىلەرگە يەم بولـ-دىكەن. كۈندۈزى مۇشۇنداق ئولتۇرىمىز، كېچىسى دىۋىلەر بىزنى بىر ئەپسۇن بىلەن ئېشەككە ئايلاندۇرۇپ مىنىپ ئوينىشىدۇ، — دەپتۇ. ئارىدىن يەنە بىرى:

— ئېشەك قىلىپ مىنگەچكە، دۈمبىلىرىمىز يېغىر

بولۇپ كەتتى. مەن ئەسلىي بىر چوڭ سودىگەر ئىدىم. بۇلاق بويىغا چۈشۈپ، بۇلاقتىن سۇ ئالماقچى بولۇۋىدىم، چېكەمگە دەھشەتلىك بىر مۇشت تەگدى ـ دە، ئۆزۈمنى مۈشۈ يەردە كۆردۈم. مال ـ مۈلكۈم قانداق بولغىنىنى بىلمەيمەن. تېخى مۇشت چالا تېگىپ قالسا، بۇلاقنىڭ سىرتىدا چالا ئۆلۈك بولۇپ يېتىپ قالىدىغان ئىش ئىكەن، ـــ دەپ بۇلاقنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىگىت مەلىكىنىڭ چالا ئۆلۈك ھالدا ياتقانلىقىنى بىلىپ، دىلى بىرئاز يورۇپتۇ. ئۇ بوۋايلارغا:

ـــ ئەي بوۋىلار، بۇ يەردىن چىقىپ كەتكىلى بولمامدىكەن؟ ـــ دەپ سورىغانىكەن، بوۋايلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـــ ياق، بالام، ئالدىمىزدا بىر دىۋە يولىمىزنى توسۇپ ياتىدۇ، ئۇ ئادەمگە رەھىم قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ ئىككىنچى قەدەمدە سېھىر قىلىنغان بۇلاق بار، ئۇلارنىڭ سېھرىنى قانداق يەشكىلى بولسۇن؟ ئەگەر ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ يەر يۈزىگە چىقساقلا، ئۆلۈك ـ تىرىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىگە كەلگەن بولاتتى، ـــ دەپتۇ.

ئۇزۇندىن بېرى ئاشۇ سىرلارنى ئېچىشنىڭ كويىدا يۈرگەن يىگىت بوۋايلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلۇپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ:

ـــ يۈرۈڭلار، مەن يول ئاچىمەن ! ـــ دەپ ئۇلارنى باشلاپ مېڭىپتۇ. دىۋە ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ

ئورنىدىن تەۋرىگەن بولسىمۇ، يىگىتنىڭ قولىدىكى قىلىچ-
نى كۆرۈپ يەنە جىم يېتىپتۇ. ئەسلىدە تاغلىق شەھەردىكى
دىۋە مۇشۇ يەر ئاستى شەھەردىن تاغلىق شەھەرگە بېرىپ
دەرۋازىغا قاراۋاتقانىكەن. دىۋە يىگىتنىڭ قولىدىكى ئۆز
ھەمراھىنىڭ قىلىچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ جىم بولۇپ قال-
غانىكەن. يىگىت دىۋىگە يېقىن كېلىپ قىلىچىنى دىۋىنىڭ
بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئەي دىۋە، بوۋايلارنىڭ ئېيتقانلىرى راستىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. دىۋە:

— راست، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يىگىت يەنە:

— بۇ يەردىكى سېھىر - جادۇلارنى قانداق يەشكىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ يول قويغىنىم — ھەممە سىرنىڭ يېشىل-گىنى، — دەپتۇ دىۋە.

— نېمە ئۈچۈن بىزگە ئەمدى يول قويماقچى بول-سەن؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— بىزنى بەند قىلغان دىۋە ساڭا يول قويغانىكەن، مەنمۇ يول قويماي نېمە ئامال؟! — دەپ يىگىتنىڭ قول-دىكى قىلىچنىڭ ھېكمەتلىك قىلىچ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىگىت ئەھۋالنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئادەمسىز شەھەرنىڭ سىرىنى سورىغانىكەن، دىۋە:

— ئۇ شەھەر ئەسلىي ناھايىتى ئاۋات، گۈللەنگەن شەھەر ئىدى. شەھەرگە بىر يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئول-

تۇراقلاشقاندىن كېيىن كېچىلىرى ئادەم تۇتۇپ يېدى، كۈندۈزى شەھەردە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، شەھەر خەلقىگە ئارام بەرمەي پاراكەندە قىلدى. شەھەر خەلقى خاتىرجەم بولالماي بىر قىسمى ياقا يۇرتلارغا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتتى، قالغان بىر قىسمىنى يالماۋۇز يەپ تۈگەتتى. شەھەردە ئادەم قالمىغاندىن كېيىن، ئۇ سېھىر - جادۇسىنىڭ كۈچى بىلەن تۈز يەردە غول پەيدا قىلىپ، بوران قايناتىپ يولۇچىلارنى مەجبۇرىي شەھەرگە ئەكىرىپ يېدى. شەھەرنى سېھىر قىلىپ، پولات زەنجىرنى بىر كېسىلگەن قولغا تۇتقۇزغان. ئەگەر سەن ئۇ بوۋاي شەكلىگە كىرىۋالغان جادۇگەرنىڭ سۆزىگە كىرىپ، دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قارىماي يىگىرمە قەدەم ماڭغان بولساڭ ئاللىقاچان تۈگەشكەن بولاتتىڭ. سەن ئۇنىڭ سېھىر - جادۇسىنى تونۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆزى ھالاك بولدى. ئۇنىڭ گۆردىن چىقىپ يولدا ياتقانلىقى — ئۇنىڭ جىنى بەند قىلغان ياغاچنىڭ سېنىڭ قولۇڭغا چىقىپ قالغانلىقى. ئەگەر ئۇ باشقا بىر جادۇگەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، تېخىمۇ چوڭ بالا - قازا تۇغۇلغان بولاتتى. مانا بۇلار ئادەمسىز شەھەرنىڭ سىرى، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. يىگىت ئۆز مەلىكىسىگە ئوخشاش مەلىكىنى ئۇچراتقانلىقىنى سورىغانىكەن، دېۋە:

— ئۇ سىلەر ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىش، ئۇنىڭ نېمە سىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، سەن مەقسىتىڭگە يېتىپ

يەر يۈزىگە چىققاندىن كېيىن ئۇ سىرنى يېشىۋالارسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

يىگىت دىۋە بىلەن خوشلىشىپ، توسۇقلاردىن بىمالال ئۆتۈپ، بۇلاق ئارقىلىق سىرتقا چىققانىكەن، مەلىكىسى يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، سېغىنىش ۋىسالىنى قاندۇرۇپ، يىگىتنى خۇشاللىقتا مۇ-يەسسەر قىپتۇ. يەر تېگىدىن قايتىپ چىققان ئادەملەر يى-گىتنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۆز جې-نىنىڭ ئامان قالغانلىقى، مال - مۈلكىگە قايتا ئېرىشكەن-لىكىگە خۇشال بولۇپ، بۇلاق بويىدا بەزمە قۇرۇپ، بىرقان-چە كۈن مېھمان بولۇپ، يىگىت بىلەن خوشلىشىپتۇ. يى-گىت مەلىكىسىنى ئېلىپ ئۆز مەلىكىسىگە ئوخشاش قىزنى كۆرگەن شەھەرگە بۇ سىرنى ئېچىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. ئۇلار بۇ نۆۋەت شاد - خۇراملىق ئىچىدە سەپەر قىلىپ، ئاشۇ قىز بار شەھەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەپتۇ. ئۇلار بىر سارايغا ئورۇنلىشىپ، نەرسە - كې-رەكلىرىنى قويۇپ، يىگىت ئۇچراتقان قىز كىرىپ كەتكەن هويلىنىڭ ئىشىكىگە بېرىشىغا، يىگىت كۆرگەن قىز بىر چېلەكنى كۆتۈرۈپ سۇغا چىقىپتۇ. مەلىكىمۇ قىزنىڭ ھە-قىقەتەن ئۆزىگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. يىگىت بۇنىڭ قانداق سىر ئىكەنلىكىنى ئېچىش ئۈچۈن، مەلىكىگە:

— سىز دەرھال ئۆيگە كىرىپ، ئاپا، چېلەك سۇغا

چۈشۈپ كەتتى دەپ بىقىڭ، — دەپتۇ. مەلىكە يىگىتنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ئاپا، چىلەك سۇغا چۈشۈپ كەتتى، — دەپتۇ. ئۆيدە ئولتۇرغان ئوتتۇرا بوي، كىلىشكەن بىر ئايال باشقا گەپ - سۆز قىلماي مەلىكىگە يەنە بىر چىلەك ئېلىپ بېرەي دەپ تۇرغاندا، سۇغا چىقىپ كەتكەن قىز بىر چىلەك سۇ كۆتۈرۈپ كىرىپ قاپتۇ. ئايال بۇ ئىككى قىزدىن قايسىسىنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي تۇرغاندا يىگىت كىرىپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئەھۋاللىشىپتۇ. يىگىت ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئايال يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ ئالدىدىكى قىزنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، يىگىرمە يىل ئىلگىرى يېڭى تۇغۇلغان ۋاقتىدا بولغان ئەھۋاللارنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگىت ئۆزلىرىنىڭ تاغلىق شەھەرگە ئوغرىلاپ بېرىلگەنلىكىنىڭ ئىنىكئانىسى ئېيتقاندەك راست چىققانلىقىغا ئىشىنىپ، مەلىكىنىڭ ئانىسى تېپىلغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۆزىنىڭمۇ مەلىكە بىلەن تەڭ شۇ تاغلىق شەھەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايال:

— ئۇنداقتا سىنىڭ ئاتا - ئاناڭمۇ مۇشۇ مەھەللىدە، — دەپ، يىگىتنى ئاتا - ئانىسىغا تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۆز پەرزەنتلىرىنى كۆرگەن ئىككى ئائىلىدىكى ئاتا - ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببىتى بارلىق-

نى بىلىپ، ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇپتۇ. يىگىت بى-
لەن قىز ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئادەمسىز شەھەرنىڭ سىرىنى مەلىكىگە سۆزلەپ بېرىپ، ئۇ شەھەرنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى بى-
لەن مەسلىھەتلىشىپ، پۈتۈن ئىقلىمغا ئۇ شەھەردىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى، ئەسلىي ئاشۇ شە-
ھەرلىكلەرنىڭ قايتىپ كېلىشى توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش چى-
قىرىپتۇ. كىشىلەر شەھەرگە ئاستا - ئاستا قايتىپ كې-
لىپ، شەھەرنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەر ئەسلىگە كېلىپ گۈللىنىپتۇ. بۇ چاغدا يى-
گىت تاغلىق شەھەرگە يۈرۈش قىلىشنى دىلىغا پۈكۈپ، يۇرت ئۆلىمالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئاندىن تاغلىق شەھەرگە بېرىپتۇ. دىۋە ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمى-
گەندىن كېيىن تاغلىق شەھەرگە بىمالال كىرىپ، پادىشاھقا ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ. پادىشاھ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ناھايىتى پۇشايمان قىلىپ يىگىتتىن ئەپۇ سوراپتۇ. يى-
گىتمۇ پادىشاھنى كەچۈرۈپتۇ ھەم دىۋىدىن سېھرىي بۇلاق-
نى يوقىتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دىۋە ئۇ سېھىرلەنگەن بۇلاقنى غايىب قىپتۇ. كىشىلەرمۇ ئەمدى غايىب بالا - قازالارغا يولۇقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاغلىق شەھەر بىلەن يىگىتنىڭ شەھىرى بېرىش - كېلىش قىلىپ، دوست بولۇشۇپ، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈپتۇ.

# ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى ئاچ كۆز بىر ئاخۇنۇم ئۆت-
كەنىكەن، ئۇ تالىپلىرى بىلەن توي - تۆكۈن، نەزىر -
چىراغلارغا بارغاندا، نازۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى
يەۋېتىدىكەن - دە، ئاندىن تالىپلارغا قاراپ:

— مەن يېسەم سىلەر يېگەنگە ئوخشاش، — دەيدى-
كەن.

بىر كۈنى ئاخۇنۇم تالىپلارنى ساياھەتكە باشلاپ چى-
قىپتۇ. كۈن ناھايىتى ئىسسىق بولغاچقا، دەرياغا چۆمۈ-



لۇۋالاي دەپ، كېيملىرىنى يېشىپ چۆمۈلۈپتۇ. تالىپلار ئاخۇنۇمنىڭ چۆمۈلۈپ بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىز دەرياغا كەلگەن كېلىپ ئاخۇنۇمنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. ئاخۇنۇم تالىپلارغا قاراپ:

— مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار! مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار! — دەپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ. تالىپلار:

— ئاخۇنۇم، بىز ئامان قالساق، سىلى ئامان قالغانغا ئوخشاش، — دەپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئاخۇنۇم ئېقىپ كېتىپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk4NDUuemlw",
  "filename_decoded": "40209845.zip",
  "filesize": 12909256,
  "md5": "c9aba5c886de46271b2d17b8ef268dc4",
  "header_md5": "113d56d3b4282b1b576a8e1875f05932",
  "sha1": "a114a41524c542096ff3d1418bde26bf5b4681eb",
  "sha256": "98013a24657ed2e701dd9512fb6575f600cd63b331e5400710fdfd23be28aed7",
  "crc32": 1730221643,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 12967235,
  "pdg_dir_name": "\u2559\u252c\u2555\u2565\u2561\u2500\u2563\u251c\u2500\u2229\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209845",
  "pdg_main_pages_found": 75,
  "pdg_main_pages_max": 75,
  "total_pages": 81,
  "total_pixels": 334429184,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}